ئىرپان توختىيېۋ
شامىل ھاجى ئالماسبېكوۋ

# ئىپارخان

(تارىخىي ھۆججەتلىك قىسسە)

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
2007 ـ يىل 4 ـ ئاي ئىستانبۇل

www.uyghurweb.net

## كىرىش سۆز

قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر تارىخىدا چەتئەل باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىپ، خەلق ئاغزىدا داستان بولغان ئالىپ، قەھرىمان ۋە جەسۇر خوتۇن ـ قىزلار ناھايىتى كۆپ.

ئۆتمۈشتە تۇران زېمىنىدا ئەنە شۇنداق خەلق ئىچىدە داستان بولۇپ كېلىۋاتقان تۇمارىس، ئايبەرچىنلەر ۋە ئۇلارنىڭ ياۋ ـ دۈشمەنلەرگە قارشى كەسكىن جەڭلەرنى ئېلىپ بېرىپ، كۆرسەتكەن جاسارىتى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ ئوقۇغان ۋە ئاڭلىغانمىز.

شۇنىڭغا ئوخشاش، مەركىزىي ئاسىيادىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈش تارىخىنى ۋاراقلىساقمۇ، ئەنە شۇنداق ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئازادلىقى ۋە ھۆر ـ ئەركىنلىكى ئۈچۈن دۈشمەنلەرگە قارشى كۈرەشتە ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ جاسارەتلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان خوتۇن ـ قىزلارنى كۆپ ئۇچرىتىمىز.

ھەر بىر خەلق ئۆز بېشىدىن شات ـ خۇراملىق، غەم ـ ئەلەم ۋە قايغۇلۇق كۈنلەرنى كەچۈرگەن بولىدۇ. لېكىن ئۇيغۇر خەلقى يېقىنقى 250 يىلدىن بۇيان شاد ـ خۇراملىق كۈنلەرگە نىسبەتەن قايغۇ ـ ئەلەملىك ۋە تەشۋىشلىك كۈنلەرنى كۆپرەك ئۆتكۈزۈپ كەلمەكتە.

ئەنە شۇنداق كۈنلەردە، ئۆز ئاتا ـ ئانىلىرى، ئاكا ـ ئۇكىلىرى ۋە سۆيۈملۈك يارۇ ـ بۇرادەرلىرى بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ، دۈشمەنلەرگە قارشى كۈرەشكەن خوتۇن ـ قىزلىرىمىزدىن ئىپارخان، مايىمخان، نوزۇگۇم، رىزۋانگۈل، خەدىچەخان، رابىيە قادىرلارنىڭ ناملىرى ئەپسانىۋىي

رىۋايەتلەرگە ئايلانغان ھەقىقىي تارىخىي شەخسلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ نامىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي سەھىپىلىرىگە ئالتۇن ھەرپلەر بىلەن يېزىلغۇسىدۇر.

بىز بۇ ئەسىرىمىزدە، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىچىدىن پەقەت «ئىپارخان» ھەققىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمىز. يەنى ئىپارخان كىم؟ ئۇ كىمنىڭ ئەۋلادى؟ ئۇ قانداق قىلىپ بېيجىڭغا بېرىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى چيەنلوڭنىڭ ئوردىسىغا چۈشۈپ قالدى؟ ئۇ خانغا تارتۇق قىلىنغانمۇ ياكى ئەسىر چۈشكەنمۇ؟ ئۇ چيەنلوڭ خانىنىڭ خانىشى بولغانمۇ - يوق. ئۇنىڭ سۈرىتىنى كىملەر سىزغان، ئىپارخان ھەققىدە كىملەر نېمىلەرنى يازغان، ئۇنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى قانداق بولغان، جەستى قەيەرگە دەپنە قىلىنغان؟ دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەر ئۈستىدە تەپسىلىي توختالماقچىمىز. چۈنكى، بۇ ھەقتە خىتاي ۋە چەتئەل مەتبۇئاتلىرىدا ناھايىتى كۆپ بەس - مۇنازىرە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بىزمۇ بۇ ھەقتە ئۆز كۆز قارىشىمىزنى بايان قىلىش ئۈچۈن «ئىپارخان» دەپ ئاتالغان ئۇشبۇ رىسالىمىزنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق، كۆز قاراش جەھەتتە كۆپچىلىك ئوقۇرمەنلىرىمىز بىلەن ئورتاقلىششنى ئاساسىي مەقسەت ۋە ۋەزىپىمىز دەپ بىلدۇق.

## XVIII ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىي ۋەزىيىتى

17 - ۋە 18 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا مۇڭغۇل ئۇرۇقلىرىدىن بولغان جوڭغارلار (ئويرات - قالماقلار) (شەرقىي تۈركىستان)دىكى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى، يەنى قۇمۇل، تۇرپان، ئالتاي، تارباغاتاي (ھازىرقى چۆچەك)، ئۈرۈمچى ۋە ئىلى ۋىلايەتلىرىنى بېسىۋېلىپ، بۇ تېررىتورىيەدىكى كەڭ يايلاقلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى.

بۇ دەۋردە، شەرقىي تۈركىستاندا ئىككى خانلىق مەۋجۇت بولۇپ، بىرى، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدا ئىلىنى مەركەز قىلغان جوڭغار خانلىقى، يەنە بىرى، ئاپاق خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ جوڭغار قوشۇنلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتەشەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «يەركەن سەئىدىيە خانلىقى»دىن تارتىۋالغان ھۆكۈمرانلىق ئىدى.

لېكىن، خوجىلار ھەر يىلى جوڭغارلارغا باج - سېلىق تاپشۇرغاندىن سىرت، ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇرغان خوجىلار ئۆز ئوغۇللىرىنى جوڭغارلارغا گۆرۈگە قويىاتتى ۋە ئۇلار ئىلىدا نەزەربەندتە تۇتۇپ تۇرۇلاتتى. شۇ ئارقىلىق جوڭغارلار تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى خوجىلارنىڭ ئۆزلىرىگە (يەنى جوڭغارلارغا) سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن قارام ئىكەنلىكىنى كاپالەتلەندۈرگەنىدى.

1745 - يىلى جوڭغار خانى غالدان سېرىن ئۆلگەندىن كېيىن، جوڭغار فېئوداللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھاكىمىيەت كۈرىشى ئەۋجىگە چىقتى. بىر نەچچە يىللىق كۈرەشتىن كېيىن، 1751 - يىلى لامادارچى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى. ئۇنىڭ جازالىشىدىن قورققان ئۈچ قەبىلە رەئىسى: خويتى قەبىلىسىدىن ئامورسانا، خوشۇت قەبىلىسىدىن بازجور ۋە چاراس قەبىلىسىدىن داباچىلار جوڭغارىيەدىن قېچىپ كېتىپ، لامادارچى ھاكىمىيىتىنى سىرتتىن ئاغدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى.

ئەنە شۇنداق كۈرەشلەر نەتىجىسىدە، چاراس قەبىلىسىدىن داباچى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىمۇ ئۇزۇنغا بارمىدى. چۈنكى خويتى قەبىلىسىنىڭ رەئىسى ئامۇرسانا ئۇنىڭغا قارشى چىقتى. بۇ ئۇرۇشتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئامۇرسانا 1754 ـ يىلى ئادەملىرىنى باشلاپ چىن سەددىدىن ئۆتۈپ، چىنلىقلارنىڭ ھىمايىسىگە كىردى. ئاندىن ئۇلارنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى ۋە ياردىمى بىلەن جوڭغارىيەدە ئۆز ھاكىمىيىتىنى تۇرغۇزماقچى بولدى.

ئۇزۇندىن بېرى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋېلىشنىڭ كويىدا يۈرگەن چىن خاقانى، ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ پۇرسىتى كەلگەنلىكىنى ئويلاپ، ئامۇرسانانى قوللىدى ۋە ئۇنىڭ جوڭغارىيەدە ھاكىمىيەت تىكلىشىگە ياردەم قىلغان بولۇۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە شۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتماقچى بولدى.

1755 ـ يىلى ماي ئېيىدا، چىن قوشۇنى جوڭغارلارغا قارشى لەشكەر تارتىپ ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتتا، ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىگەن جوڭغارلار قوشۇنى داباچى باشچىلىقىدا مۇزداۋان ئارقىلىق ئۇچتۇرپانغا قېچىپ باردۇ. ئۇچتۇرپان ھاكىمى خوجى بەگ ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە، چىن قوشۇنلىرىغا ياردەم قىلىپ داباچىنى ئەسىر ئېلىپ، چىن قوشۇنىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

خوجى بەگنىڭ بۇ ئىشىدىن ناھايىتى خۇرسەن بولغان چىن قوشۇنىنىڭ قوماندانلىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن ساداقەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى ناھايىتى كۆپ مال ـ مۈلك بىلەن مۇكاپاتلاپ، ھاكىملىق مەنسىپىنى ساقلاپ قالدى.

ئۇچتۇرپان ھاكىمى خوجى بەگ بىلەن ئاقسۇ ھاكىمى ئابدۇل ۋاھاب چىن قوشۇنلىرىنىڭ قەشقەرگە يۈرۈش قىلىش ۋە ئۇنى ئىگەللەش نىيىتى بارلىقىنى بىلىپ، ئۇلارغا: «قەشقەرىيەگە ھازىر ئاپاق خوجا ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. جوڭغارلار قەشقەرىيەدىكى خوجا ئەۋلادلىرىنى ئۆزلىرىگە قارام (بېقىندى) قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، 1700 ـ يىلى جوڭغار خانى سىۋان رابدان (1697 ـ 1727) قەشقەردىكى ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئەھمەت خوجىنى گۆرۈگە تۇتۇپ، ئىلىگە ئېلىپ چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ، ئىلىدا ئىككى پەرزەنت كۆردى. ئۇلارنىڭ چوڭى بۇرھانىدىن، كىچىكى خان خوجا (خوجا جاھان) بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەشقەرىيەدىكى ئابرۇيى ناھايىتى چوڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەشقەرىيەنى بېسىپ ئېلىش ئۈچۈن ئۇلاردىن پايدىلىنىش لازىم» دەپ مەسلىھەت بەردى.

بۇ مەسلىھەتتىن مەمنۇن بولغان چىن گېنېرالى جاۋخۇي ئەھۋالنى چىن خاقانىغا يەتكۈزۈپ، رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن، ئىلىدا بارۇمتاي (گۆرۈدە) تۇرغان ئاكا ـ ئۇكا بۇرھانىدىن خوجا بىلەن خان خوجىنى تۇتقۇنلۇقتىن ئازاد قىلىپ، ئۇلارنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا بېرىپ، ئۇنى چىن خاقانىغا قارام قىلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى يۈكلەپ، بىر قىسىم قوشۇنلار بىلەن قەشقەرىيەگە ئەۋەتكەنىدى. دەل شۇ كۈنلەردە، گەرچە چىن قوشۇنلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن جوڭغارىيىدىكى ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ چىن خاقانىغا ئالدانغانلىقىنى، جوڭغارىيەدىكى بارلىق ھاكىمىيەتنىڭ چىن خاقانىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ قولىدا ھېچقانداق ھوقۇق قالمىغانلىقىنى، بەلكى ئۆزىنىڭ چىنلىقلارنىڭ قورچىقىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى چۈشەنگەن ئامۇرسانا چىنغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، چىن قوشۇنلىرىغا ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ. ئاكا ـ ئۇكا خوجىلار ئۇنىڭ كەينىدىنلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلىنىدۇ.

ۋەزىيەتنىڭ تۇساتتىنلا بۇنداق ئۆزگىرىپ كېتىشى، چىن قوشۇنلىرىنىڭ جوڭغار ۋە ئامۇرسانا قوشۇنلىرىنى قوغلاپ، قازاق دالاسى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيانىمۇ بېسىۋېلىشقا ئوخشاش قەبىھ نىيىتى پۈتۈنلەي مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. شۇندىن كېيىن، چىن قوشۇنلىرى جوڭغار ۋە ئامۇرسانا قوزغىلىڭىنى تىنجىتىش ئۈچۈن 1755 ـ 1757 ـ يىللىرى ۋە ئاكا ـ ئۇكا خوجىلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن 1758 ـ 1759 ـ يىللىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۈستىدىن بىر نەچچە يىللىق قانلىق قىرغىنچىلىق، باسقۇنچىلىق ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ باردى.

شۇنداق قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى ئىگەللىۋالغان چىن خاقانى ئۆزىنىڭ ياۋۇز نەزىرىنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ ۋە باي قەشقەرىيەگە قاراتقان ئىدى. بۇ ئۆلكىنى بېسىۋېلىش نىيىتىگە كەلگەن چىن خاقانى باشقىچە تاكتىكا يەنى ئۇيغۇرلارنى ئۇيغۇرلارغا قارشى قويۇش ئارقىلىق ئۆزلىرى ھېچقانداق تالاپەتكە ئۇچرىمايلا بۇ جايلارغا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىمەكچى بولدى. ئۇ جوڭغارلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە ئىلىدا گۆرۈدە تۇتۇپ تۇرۇلغان ئاكا ـ ئۇكا خوجىلاردىن پايدىلىنىشتەك خام خىيالدا بولغانىدى.

ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ قەشقەرىيەدىكى يۈز ـ ئابرۇيىدىن پايدىلىنىپ قەشقەرىيەنى بېسىۋالماقچى بولغان چىن خاقانى ئۇلارنى چىن قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ مەنسەپ ۋە نۇرغۇن بايلىقلارنى ۋەدە قىلدى.

ئاكا ـ ئۇكا خوجىلار ئەسىرلىك ۋە تۇتقۇنلۇقتىن ئازاد بولۇپ، ئۆز ئانا يۇرتى قەشقەرىيەگە قاراپ كېتىۋېتىپ، قەشقەرىيەنى چىن خانىغا قارام قىلىپ، ئۇنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويماقچى بولغان نىيەتلىرىدىن ۋاز كەچتى.

خان خوجا ئاكىسى بۇرھانىدىن خوجىغا قاراپ: «ئاكا! بىز قۇللۇق، تۇتقۇنلۇق، ھوقۇقسىزلىق ۋە ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى كۆپ تارتتۇق. جوڭغارلار بىزنى ئىنسانىي ھوقۇقلىرىمىزدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىپ، دىنىمىزنى ئاياق ئاستى قىلدى. ئەرلىرىمىزنى قۇل، ئاياللىرىمىزنى دېدەك قىلىپ ئىشلەتتى. بۈگۈن بىز تۇتقۇنلۇقنىڭ تۆمۈر قەپىزىدىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن نەپەس ئېلىپ ياشىماقتىمىز. بۇ ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ھەر بىر ئىنسانغا بېرىلگەن بۈيۈك نېئمەتتۇر.

بىز تۇتقۇنلۇقتا ياشىغان ۋاقتىمىزدا، ھاياتىمىزنى خۇددى يولۋاس ئاغزىدا تۇرغاندەك ھەردائىم قورقۇ ۋە تەھدىت ئاستىدا ئۆتكۈزگەنىدۇق. مانا يولۋاس ئاغزىدىن قۇتۇلدۇق، ئەمدى ئۆزىمىزنى ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا تۇتۇپ بەرمەيلى! ئەگەر قەشقەرىيەنى ئۆز قولىمىز بىلەن چىن خانىغا قارام قىلىپ، ئىككى قوللاپ تۇتۇپ بەرسەك، خەلقىمىز ئالدىدا يۈزىمىز قارا بولۇپ، مىللىتىمىز بىزنى تائەبەدكىچە لەنەتلەيدۇ. ئەڭ ياخشىسى، مۇشۇ ياخشى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، قەشقەر خەلقىنىڭ بىزگە بولغان ھۆرمەت ۋە ئىشەنچىسىدىن پايدىلىنىپ، خەلقنى كەلكىندى ۋە باسقۇنچى چىن خاقانىغا قارشى قوزغاپ، ئۇلارنى ئۆز ۋەتىنىمىز ۋە مۇقەددەس تۇپرىقىمىزدىن قوغلاپ چىقىرايلى ۋە دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئۆز مىللىي دۆلىتىمىزنى قۇرۇپ، خەلقىمىزنى تىنچلىق ۋە ھۆرلۈكتە ياشىتايلى! ۋەتەن سۆيۈش — ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر» دېدى.

خان خوجىنىڭ سۆزلىرى ئاكىسى بۇرھانىدىن خوجىغا بەكمۇ تەسىر قىلدى. ئۆز ئۇكىسىدىن بۇنداق ئالىيجاناب پىكىر چىققانلىقىغا قاتتىق خۇرسەن بولغان بۇرھانىدىن خوجا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پۈتۈنلەي قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنداق قىلىپ، ساتقۇنلۇق ۋە خائىنلىق قىلىشقا

مەجبۇرلىغان چىن خاقانىنىڭ قارا نىيەتلىرىدىن ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىپ، ۋەتەن ۋە مىللىي مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرىشىش دېگەن ئالىيجاناپ مەقسەت ۋە نىيەتلىرى بىلەن كەلكىندى دۈشمەنلەرگە قارشى مىللىي ئازادلىق يولىدىكى ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىنى باشلىۋەتتى.

## ئاكا ـ ئۇكا خوجىلارنىڭ چىن خاقانىغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىشى

چىن خاقانى چىيەنلۇڭ ئاكا ـ ئۇكا خوجىلارنىڭ چىن قوشۇنىغا ماسلىشىپ قەشقەرىيەگە ھۇجۇم قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا چوڭ مەنسەپ ۋە نۇرغۇن مال ـ مۈلك ۋەدە قىلغاندىن كېيىن، ئامىنداۋ باشچىلىقىدىكى قوشۇننى شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتتى. پىلان بويىچە، قوشۇن كۇچارغا كەلگەندە، ئاكا ـ ئۇكا خوجىلار بۇ قوشۇن بىلەن بىرلىشىپ، قەشقەر تەرەپكە يۈرۈش قىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن خوجىلار چىن قوشۇنى بىلەن بىرلەشمىدى، بەلكى ئەكسىچە، بۇ قوشۇنغا ھۇجۇم قىلىپ، ئامىنداۋنى ئۆلتۈرۈپ، قوشۇننى تارمار قىلدى. بۇ ۋەقە 1757 ـ يىلىنىڭ ئاپرىل ئېيىدا يۈز بەردى[1].

ئامىنداۋنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئاكا ـ ئۇكا خوجىلارنىڭ چىن خاقانىغا ئۇرۇش ئېلان قىلىشى بولۇپ، چىن خاقانىنىڭ ئاكا ـ ئۇكا خوجىلار ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋېلىشتەك قارا نىيىتى بەربات بولغانىدى.

ئاكا ـ ئۇكا خوجىلارنىڭ ۋەتەن ئازادلىقى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بۇ ھەرىكىتىنى پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. ئۇيغۇر خەلقى پۈتۈن مىللەتنى ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىشقا چاقىرغان بۇرھانىددىن خوجىنى «ئاي خوجا»، خان خوجىنى «كۆن خوجا» دەپ مەدھىيىلەش بىلەن بىرگە، بۇرھانىددىن خوجىغا «سەيفى دەۋلە» يەنى «دۆلەتنىڭ قىلىچى» دېگەن يۈكسەك پەخرى نامنىمۇ بەرگەنىدى.

1758 ـ يىلى، چىن خاقانى «ئىسيانچى ئۇيغۇرلار» نى باستۇرۇش ئۈچۈن يارخاشەننى «ئۇيغۇرلارنى تىنجىتىش گېنېرالى» تەيىنلەپ، 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ‹ئۇيغۇرىستان›غا ئەۋەتتى. قوشۇن چىندىن ئۇيغۇر دىيارىغا كىرىپ، قۇمۇل، تۇرپان شەھەرلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ كۇچار شەھىرىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئىلى ۋىلايىتىدىن گېنېرال يارخاشەنگە ياردەملىشىش ئۈچۈن 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇن كۇچارغا ئەۋەتىلىدۇ. 1758 ـ يىلى ئىيۇلدا، 50 مىڭ كىشىلىك باسقۇنچى چىن قوشۇنلىرى كۇچارغا يېتىپ كېلىدۇ.

ئاكا ـ ئۇكا خوجىلار بولسا، ئاران 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللىگەن بولۇپ، قوشۇن ئاساسەن ئوقيا، قىلىچ، نەيزە ۋە كالتەكلەر بىلەن قوراللانغانىدى. ھېچقانداق ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە كۆرمىگەن خوجىلار قوشۇنى، چىن قوشۇنلىرىغا قارشى جەڭدە ناھايىتى چوڭ جاسارەت كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. چىن قوشۇنى شەھەر قەلئەسىنى قورشىۋالدى. ئاكا ـ ئۇكا خوجىلار 100 گە يېقىن ئادىمىنى باشلاپ، كۇچار شەھەر سېپىلىنى قورشىۋالغان چىن

---

[1] پېڭ جىياشىن، چىن سۇلو، مۇگوەنۇبى: خىتاي تىلىدىكى "ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدە قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى" 1981 ـ يىل بېيجىڭ نەشرى، 2 ـ قىسىم 466 ـ بەت.

قوشۇنلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ قەشقەر تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. بۇ ۋەقە، 1758 ـ يىل 24 ـ ئىيۇندا بولۇپ ئۆتكەنىدى[1].

چىن خاقانى چيەنلۇڭ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلانغان ئاكا ـ ئۇكا خوجىلارنى قولغا ئېلىش ۋە جازالاش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقى ئۈچۈن قوشۇن قوماندانى گېنېرال يارخاشەن باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم ھەربىي ئەمەلدارنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى.

چىن خاقانى يارخاشەنگە ئۆلۈم جازاسى بەرگەندىن كېيىن، قەشقەرگە يۈرۈش قىلماقچى بولۇپ، كۇچاردا تۇرۇۋاتقان چىن قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىش ۋەزىپىسىگە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى بېسىۋېلىش ۋە جوڭغارلارنى يوقىتىشتا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن باشقا بىر گېنېرال جاۋخۇيىنى تەيىنلىدى.

30 مىڭ كىشىلىك چىن قوشۇنى ئاۋۋال خان خوجا قوشۇنلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن 1758 ـ يىلىنىڭ 6 ـ ئۆكتەبىر كۈنى يەركەن شەھرىنىڭ قەلئەسىگە يېقىنلىشىپ كەلدى. مۇستەھكەم سېلىنغان يەركەن قەلئەسىنى ئالالمىغان جاۋخۇي قوشۇنى، يەركەن دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى قاراسۇ دېگەن جايغا چېكىنىپ، ئۇ يەردە ئۆزلىرى ئۈچۈن ھەربىي بازا قۇرۇشنى پىلانلىدى. قاراسۇغا چېكىنگەن چىن قوشۇنلىرى يەركەن دەرياسىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان ياغاچ كۆۋرۈك ئارقىلىق قارشى تەرەپكە ئۆتۈۋاتقاندا، كۆۋرۈك سۇنۇپ كېتىپ، قوشۇن ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىدا، يەنە بىر قىسمى سول قىرغىقىدا قالدى. بۇنداق ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلانغان خان خوجا قوشۇنى چىن قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ناھايىتى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. يەركەن دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى بۇ ئۇرۇش بەش كۈن داۋاملاشتى. 13 ـ ئۆكتەبىر كۈنى چىن قوشۇنلىرى ناھايىتى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى ۋە جاۋخۇي قوشۇنى خان خوجا قوشۇنىنىڭ قورشاۋىغا چۈشتى. بۇ قورشاۋ ئۈچ ئايغىچە داۋاملاشتى[2].

جاۋخۇي قوشۇنى قورشاۋدا قېلىپ، ئوزۇق ـ تۈلۈكتىن قىينىلىۋاتقان بىر پەيتتە، چىن خاقانى 1758 ـ يىلى دېكابىردا، باشقا بىر گېنېرالى نامجار باشچىلىقىدا ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتتى. لېكىن بۇ قوشۇنمۇ تارمار قىلىنىپ، نامجار ئۆلتۈرۈلدى.

1759 ـ يىلى يانۋار ئايلىرىدا، جاۋخۇيىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن پۇدىي گېنېرال باشچىلىقىدا ناھايىتى چوڭ قوشۇن ئەۋەتىلدى. بۇ ئىككى قوشۇن، يەنى ۋەتەن ئۈچۈن، ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان خان خوجا قوشۇنى بىلەن باسقۇنچى چىن قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا تۆت كېچە ـ كۈندۈز قاتتىق جەڭ بولدى ۋە پۇدىي قوشۇنلىرىمۇ قورشاۋغا ئېلىندى.

چىن قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر بېيجىڭغا يېتىپ بېرىشى بىلەن قاتتىق غەزەپلەنگەن چىن خاقانى دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ زامانىۋىي ملتىق ـ زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان قوشۇننى خان خوجىغا قارشى ئەۋەتتى. ئاددىي ئوقيا، قىلىچ ـ نەيزە ۋە كالتەك ـ چوماق بىلەن قوراللانغان خان خوجا قوشۇنلىرى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ: «ۋەتەن، مىللەت ئازادلىقى ئۈچۈن جېنىمىز پىدا!» دەيدىغان جاسارىتى نەتىجىسىدە دۈشمەنلەردىن ئۈستۈن كېلىپ، غەلىبە قازىنىۋاتاتتى.

---

[1] يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان ئەسەرنىڭ 467 ـ بېتىگە قارالسۇن.
[2] شۇ ناملىق ئەسەرنىڭ 467 ـ بېتى.

ئەڭ زامانىۋىي ئوت ئاچار قوراللار بىلەن قوراللانغان چىن قوشۇنلىرى ‹ئۇيغۇرىستان› زېمىنىغا ئاياق باسقان كۈندىن ئېتىبارەن ئاددىي خەلق، تىنچ ئاھالە ياكى ئۆزلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان قوشۇننى ئايرىماي، پۈتۈن يول بويى ئالدىغا ئۇچرىغان شەھەر ـ قىشلاقلاردىكى ئاددىي پۇقرالارنىمۇ قىرىپ تاشلاپ، ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ، ۋەيران قىلىۋەتتى. بۇ قوشۇن ئالدى بىلەن پۈدىي قوشۇنلىرىنىڭ قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ چىقىشىغا ياردەم قىلدى. ئاندىن ئىككى قوشۇن بىرلىشىپ، قاراسۇدا قورشاۋدا ياتقان جاۋخۇي قوشۇنىغا ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىمۇ خان خوجا ئەسكەرلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىدىن ئازاد قىلدى. بۇ ۋەقە، 1759 ـ يىل يانۋار ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى يۈز بەرگەندى[1].

قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ چىققان چىن گېنېراللىرى ئۆزلىرىنىڭ بارلىق قوشۇنلىرىنى باشقىدىن تەشكىللەپ، يەركەن ياكى قەشقەردە ئەمەس، بەلكى خان خوجىلاردىن ناھايىتى يىراقىراق يەردىكى ئاقسۇدا ھەربىي بازىسىنى قۇرۇپ، ئاكا ـ ئۇكا خوجىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىققا تۇتۇش قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، چىن خاقانىنىڭ ‹ئۇيغۇر دىيارى›نى بېسىۋېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇشى ئەنە شۇنداق شەرمەندىلەرچە مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقانىدى.

ئاقسۇغا چېكىنگەن چىن قوشۇنى بەش ئاي جىددىي تەييارلىق قىلدى. ئۇلار پۈتۈن قوشۇننى زامانىۋىي ئوت ئاچار قوراللار بىلەن قوراللاندۇرغاندىن سىرت، يېڭى ئۇرۇش ستراتېگىيە ۋە تاكتىكىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ ئۇرۇش ستراتېگىيىسى بويىچە، قەشقەر ۋە يەركەن شەھەرلىرى كەڭ كۆلەملىك قورشىلىپ، مۇستەھكەم ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئوت چەمبىرىكىنىڭ ئىچىگە ئېلىنىپ، چىن قوشۇنىغا قارشىلىق كۆرسەتكۈچى بارلىق كۈچلەر شەپقەتسىزلەرچە قىرىپ تاشلىناتتى. بۇ ئۇرۇش، 1759 ـ يىلى ماي ـ ئىيۇن ئايلىرىدا باشلاندى[2].

چىن ئېمپېرىيىسى يەرلىك خەلققە قارشى "قورشاپ يوقىتىش"، "ئوت قويۇپ يوقىتىش"، "يەرلىك باندىتلارغا بىشەپقەت بولۇش" قا ئوخشاش قەبىھ ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، نارەسىدە بالىلار، قىز ـ ئاياللار ۋە قېرى ـ چۆرىلەرگىمۇ قىلچە رەھىم ـ شەپقەت قىلماي باشلىرىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى ياكى ئېتىپ تاشلىدى.

ئەڭ زامانىۋىي قوراللار بىلەن قوراللانغان ۋە سان جەھەتتىكى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلانغان چىن قوشۇنى ئاكا ـ ئۇكا خوجىلارغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش باشلاپ، ئۇلارنى مۇستەھكەم ھالقا ئىچىگە ئېلىپ، قىرىپ تاشلاش ئۈچۈن ھەرىكەتلەندى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 12 دەرۋازىلىق قەدىمكى شەھىرى — يەركەن شەھىرى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى يەركەن دەرياسى، قاراسۇ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش بەش كۈن داۋاملاشتى. بۇ قىرغىنچىلىق ئۇرۇشى شۇنداق شىددەت بىلەن ئېلىپ بېرىلدىكى، ئات تۇياقلىرى ئاستىدىن چىققان چاڭ ـ توزان قۇياش يۈزىنىمۇ توسىۋالغاچقا، كۈن بىلەن تۈننىڭ پەرقى قالمىغانىدى. يەركەن ۋە قاراسۇ دەريالىرىدا زىلال سۇلار ئورنىغا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قانلىرى سەل بولۇپ ئاقتى. ئۇيغۇر خەلقى بۇ ئۇرۇشتا ئۆز جېنىنى پىدا قىلىپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن جاسارەتنى كۆرسەتتى.

[1] شۇ نامىلىق ئەسەرنىڭ 467 ـ بېتى.
[2] شۇ نامىلىق ئەسەر، 467 ـ بەت.

خوجا جاھان بۇ ئۇرۇشتا ئۆز ئەسكەرلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈپ: «ئەي شىر يۈرەك پالۋانلار! ئەي تالماس بىلەك باتۇرلىرىم! مانا بىزنى جەڭگە چاقىرغۇچى سۇر (كاناي ـ سۇناي) چېلىندى. كامانلىرىڭلارنى تەرەڭ تارتىپ، قىلىچلىرىڭلارنى يالىڭاچلاپ، ياۋۇز باسقۇنچىلارغا قارشى جەڭ قىلىڭلار! بۇ جەڭدە بىز يا زەپەر قازىنىمىز ياكى ۋەتەن ئازاتلىقى يولىدا ئەزىز جېنىمىزنى قۇربان قىلىمىز. ياكى خەلقىمىز ۋە كېلەچەك ئەۋلادلىرىمىز بىزنى غۇرۇر بىلەن ئەسلەپ يۈرسۇن!» دەپ خىتاب قىلاتتى.

1759 ـ يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئېيى، پامىر تېغىنىڭ يېشىل كۆل دېگەن جايىدا ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى ناھايىتى كۆپ تالاپەت كۆردى. ئاكا ـ ئۇكا خوجىلار دۈشمەننىڭ قاتمۇ قات قورشاۋىنى يېرىپ ئۆتۈپ، بەدەخشان تەرەپكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان چىن گېنېراللىرىنىڭ دوق ـ پوپوزىسىدىن قورقۇپ كەتكەن بەدەخشان ھاكىمى ئەھمەت شاھ ئۆزىنىڭ چىن خانىغا بولغان ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى بولغان بۇرھانىدىن خوجا بىلەن خان خوجىنى ئۆلتۈرۈپ، ئالتۇن باشلىرىنى چىن گېنېراللىرىغا ناھايىتى ئەرزان باھادا سېتىۋەتتى. ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ كېسىلگەن باشلىرى بېيجىڭ كوچىلىرىدا ئېسىلىپ، سازايى قىلىنغاندى[1].

تۈرلۈك تارىخىي مەنبەلەردە، ئاكا ـ ئۇكا خوجىلارنىڭ ئۆلۈمى ھەر تۈرلۈك تەرىپلەنگەن: مەسىلەن، بەزىلەر ئاكا ـ ئۇكا خوجىلارنى يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغاندەك بەدەخشان ھاكىمى ئەھمەت شاھ ئۆلتۈردى، دېسە، يەنە بەزىلەر بۇ ئاكا ـ ئۇكا خوجىلارنى چىن قوماندانلىرى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ياللانما جاسۇسلار ئۆلتۈرۈپ، باشلىرىنى چىن گېنېراللىرىغا تاپشۇرغان، دەيدۇ. يەنە بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇلار بەدەخشانغا قاراپ چېكىنىۋاتقاندا بىر قەبىلە بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىپ، شۇ قەبىلە باشلىقلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، دەپ يېزىلىدۇ.

ئۇلارنىڭ قاچان ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىمۇ تۈرلۈك رىۋايەتلەر مەۋجۇت. لېكىن ئا. خوجايېۋ: ئاكا ـ ئۇكا خوجىلار ھىجرى 1173 ـ يىلى سەپەر ئېيىنىڭ 23 ـ كۈنى، يەنى مىلادى 1759 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۆلتۈرۈلگەن، دەپ يازىدۇ. بۇ، ھەقىقەتكە يېقىندۇر.

ئاكا ـ ئۇكا خوجىلارنىڭ چىنغا قارشى ئېلىپ بارغان مىللىي ئازاتلىق كۈرىشى ۋە ئۇلارنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى ھەققىدە تولۇق مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن ئا . خوجايېۋنىڭ:

«18 ـ ئەسىردىكى چىن ئىمپېرىيىسى ۋە شەرقىي تۈركىستان» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن[2].

ئاكا ـ ئۇكا خوجىلار ئۆلتۈرۈلگەندە، بۇرھانىدىن خوجىنىڭ بەش ياشلىق ئوغلىمۇ ئەسىر ئېلىنغانىدى. ئۆتمۈش بوۋىلىرىمىزنىڭ ئامانىتى بولغان بۇ ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقى قولدىن كېتىپ، ئازادلىق روھى كۆچىيىپ، قىساس ئوتى لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان بىر پەيتتە، ئۆمۈر باھار گۈللىرىنىڭ ئوندىن بىرى ئېچىلمىغان نارەسىدە گۈدەكتىن خۇددى ئەزرائىلدىن قورققاندەك خاۋاتىرلەنگەن چىن گېنېراللىرى ئۇنى تۆمۈر قەپەزگە سېلىپ، بېيجىڭغا ئاپىرىپ قەتلى قىلىۋەتتى.

ئەمما بۇرھانىدىن خوجىنىڭ كىچىك ئوغلى سەئىد مۇھەممەد (سامساق خوجا) ئامان قالغانىدى. ئۇنى بۇرھانىدىن خوجىنىڭ سادىق دوستلىرىدىن ئىلياس مىرئاخۇن دېگەن كىشى

---

[1]Кузнецов·в·и· Империя цин и Мусульманскиимир· Всб· “Центральная Азия И Соседие Территории В Средние Века” г· НоВосибирск “Наука” 1990г· 106 – 113·

[2] А· Ходжаев Цинская империя и· Восточный Туркистан В XVIII ь 43 – 60 “сран” Узбекистан 1991-г· Ст· 80 – 100·

يوشۇرۇۋېلىپ، ئاۋۋال كابۇلغا، ئاندىن ئەنجانغا ئېلىپ كەلدى ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ يەردە ياشىدى[1].

شۇنداق قىلىپ، شەرقتىن باستۇرۇپ كەلگەن چىن قوشۇنلىرىنىڭ ئۈچ يىللىق قىرغىنچىلىق قىلىشى نەتىجىسىدە، بۇ ئۆلكىنى ئۆزىگە قارام ـ مۇستەملىكە قىلىۋالغان چىن خاقانى ئەزەلدىن «شەرقىي تۈركىستان»، دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۇ يۇرتقا خىتايچە نام بېرىپ، «شىنجاڭ» دەپ ئاتاشقا باشلىدى. بۇ «يېڭى تېررىتورىيە، يېڭى چېگرا، يېڭى مۇستەملىكە» ۋە ياكى «يېڭى قوشۇۋېلىنغان جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چىن خاقانىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان مۇستەقىللىق ۋە ئازادلىق كۈرەشلىرى بىر كۈنمۇ توختاپ قالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، بۇنداق مىللىي ئازادلىق كۈرەشلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 400 دىن ئېشىپ كەتتى.

ئەڭ ئاخىرقىسى، يەنى 1991 ـ يىلىدىكى بارىن ئىنقىلابى ۋە 1997 ـ يىلىدىكى ئىلى ياشلىرىنىڭ جەڭگىۋار پائالىيەتلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چەتئەل باسقۇنچىلىرىغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى ۋە لاۋۇلداپ تۇرغان قىساس ئوتىنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. بۇ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلغان خىتايلارنىڭ: «زەي شىنجاڭ مېي نيەن شياۋلۇەن، شى نيەن دالۇەن (شىنجاڭدا ھەر يىلى بىر كىچىك قوزغىلاڭ، ئون يىلدا بىر چوڭ قوزغىلاڭ بولىدۇ)» دېيىشىنىڭ ئۆزى شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي ئازادلىق كۈرەشنىڭ ھېچقاچان توختاپ قالمىغانلىقىنى ۋە ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم پاكىتتۇر.

قەلبى يارىلانغان، جاراھەتلەنگەن، ناھەقلىق نالىسى ئەۋجىگە چىققان بۇ زاماندا ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئادالەتتۇر.

تارىخ ئادىمىزات ئەۋلادىنىڭ تۈگىمەس داستانى بولۇپ، ئادالەت كۆرمىگەن خەلق ھەردائىم ئۆز ھۆكۈمدارلىرىغا قارشى قوزغىلىپ، ئۆز نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ ئادالەت تەلەپ قىلغان.

چىن خاقانىغا قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۆز يۇرتى، ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ھىمايە قىلغان ئون مىڭلىغان خەلق چىن خانىنىڭ ئۈچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، 1759 ـ يىلىنىڭ ئاخىرقى ئايلىرىدا، قەھرىتان سوغۇققا قارىماي، قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان تەڭرىتېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ناھايىتى كۆپ جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈپ كەلدى.

بولۇپمۇ، قوقەن ۋە ئەنجان خەلقى جەبىر ـ زۇلۇملاردىن قېچىپ كېلىۋاتقان بۇ خەلقنى ئۆزلىرىنىڭ يېقىن قېرىنداشلىرىدەك كۈتۈپ، ئۇلارنى يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ئۆي ـ جايلار بىلەن تەمىنلىدى. قېچىپ كېلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان پۇقرالارنىڭ مىللىي زۇلۇم ئاستىدا، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ئازابى ۋە ھاياتنىڭ شەپقەتسىز رېئاللىقى تۈپەيلىدىن كۆككە كۆتۈرۈلگەن ئاھ ـ زارلىرى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنى قاپلىغانىدى.

بۇ ئۇيغۇرلاردىن بەخت ـ ئىقبال يۈز ئۆرۈپ، چىن خاقانىنىڭ جاھانگىرلىك تۇغى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ پەلەك گۈمبىزىدە لەپىلدەپ، ئادالەت قانۇنلىرى، ئىنسان ھوقۇقلىرى باسقۇنچىلارنىڭ ئايىقى ئاستىدا پايخان قىلىنىۋاتقان قاراڭغۇ كۈنلەردە باسقۇنچى دۈشمەنلەرنىڭ دىدارىغا تەلمۈرۈپ ياشاش دوزاق ئازابىدىنمۇ ئېغىر ئىدى. ئۇيغۇرلار ئۆز بېشىغا كەلگەن ئەنە شۇنداق ئېغىر

[1] Кутлков· М· Из историй Междуародных связей центр· Азии· В 1755 – 1759 г·г· X V – X IX В·В· ст· 77

كۆنلەرنى چىدام ۋە سەبىر ـ تاقەت بىلەن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. چۈنكى ئۇيغۇرلار بۇ يورۇق دۇنيادا ئۆز جېنىغا ئۆزىدىن باشقا مېھرىبان كىشىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى.

چىن جاللاتلىرىنىڭ قولىدىن قېچىپ، ئامان قالغان سەئىد مۇھەممەد (سامساق خوجا) ئەنجانغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولدى ۋە ئۈچ ئوغۇل پەرزەنتلىك بولدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭى مۇھەممەد يۇسۇپ خوجا، ئىككىنچىسى جاھانگىر خوجا، ئۈچىنچىسى باھاۋۇدۇن خوجا بولۇپ، جاھانگىر خوجا ئۆزىنىڭ جەسۇر، ھۇشيار، چەبدەسلىكى ۋە مىللىي غۇرۇرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن باشقىلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ياشلىقىدا سەمەرقەنت ۋە بۇخارادىكى مەدرىسىلەردە ئوقۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن كېيىن، قوقەن خانلىقى تەۋەسىدىكى جايلاردا تۈرلۈك لاۋازىملاردا ئىشلەپ يۈردى.

بالىلىق ۋاقىتلىرىدا، ئۆز ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ شانلىق ئۆتمۈشى ھەققىدە كۆپ نەرسىلەرنى ئاڭلىغان سەئىد مۇھەممەدنىڭ قەلبىگە: «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ مۇستەقىللىق كۈرەش قىلىش غۇرۇرى ۋە شەنىنى قايتا تىكلەش كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا، كېلەچەك ئەۋلاد بىزنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ» دېگەن ئەقىدە مەھكەم ئورنىغانىدى.

يۈرىكىدىكى ئارزۇ ئارمانلىرىنى دان قىلىپ، ھەر جاي، ھەر ماكاندا چېپىپ يۈرگەن جاھانگىر خوجىدىن خەۋەر تاپقان قوقەن خانى مۇھەممەد ئەلى خاننىڭ ئۇنى قوللاپ، ئەمەلىي ياردەم بېرىشى، جاھانگىر خوجىنىڭ كۈچىگە كۈچ، بېلىگە قۇۋۋەت بېغىشلىدى. مۇھەممەد ئەلى خان 1826 ـ يىلى ئىيۇن ئېيىدا، جاھانگىر خوجىنىڭ قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان جېڭىگە ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن ياردەم قىلدى. لېكىن، جەڭ تازا چېڭىغا چىققان بىر پەيتتە، ئۆز ئىچىدە ناتىنچ ۋەزىيەت شەكىللەنگەنلىكتىن قوشۇنلىرىنى قەشقەردىن ئېلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. قەشقەردىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتنى قوللاپ، كاپىرلارغا غازات ئېلان قىلغانلىقى ئۈچۈنمۇ، مۇھەممەد ئەلى خان 1828 ـ يىلدىن كېيىن قوقەندە بېسىلغان تەڭگە پۇللارنى «مۇھەممەد ئەلى خان غازى» نامى بىلەن چىقارغانىدى[1].

چىن قوشۇنلىرى، قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۆزلىرىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقان جاھانگىر خوجىنى پامىر تېغى ۋە ئۇنىڭ جىلغىلىرىدىن ئۈچ يىل (1825 ـ يىلدىن 1828 ـ يىلغىچە) ئىزدىگەن بولسىمۇ، يا تۇتالمىدى ياكى ئىز ـ دېرىكىنى قىلالمىدى. جاھانگىر خوجىنى قوراللىق ئەسكەر كۈچى بىلەن يوق قىلىش ياكى تىرىك تۇتۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن چىنلىقلار، ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن ھىيلە ئىشلەتتى. 1828 ـ يىلىنىڭ فېۋرال ئېيىدا، چىن خاقانى بىر قانچە مىللىي خائىننى سېتىۋېلىپ، ئۇلار ئارقىلىق: « ... چىن قوشۇنلىرى قەشقەردىن چىقىپ كەتتى. قەشقەر مۇسۇلمانلىرى سىزنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتمەكتە» دەپ يالغان سۆز تارقاتتى. بۇ سۆزلەرگە ئىشەنگەن جاھانگىر خوجا ئاتۇش يولى ئارقىلىق قەشقەرگە كىرمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، چىن قوشۇنلىرىنىڭ قىلتىقىغا دەسسەپ، بىر قىسىم قوشۇنى بىلەن ئەسىرگە چۈشتى. چىن قوشۇنى جاھانگىر خوجا ۋە بىر قانچە ئادىمىنى تۆمۈر قەپەزدە بېيجىڭغا ئاپىرىپ، سازايى قىلغاندىن كېيىن، كاللىسىنى قىلىچ بىلەن كېسىپ، جەستىنى پارچىلاپ، بېيجىڭنىڭ ئىتلىرىغا تاشلاپ بېرىدۇ[2].

[1] И ухмиев· “Танзапар Таизпар Тилза Кирзаи а·” Ташкеим· “фан” нацри· 1989 йил· 10 баг·
[2] Куропаткин· А·Н· Кашгария с пб· 1879г· Стр 116 – 117·

جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، 1830 ـ يىلى، ئۇنىڭ ئاكىسى يۈسۈپ خوجا قوقەن خانىنىڭ ياردىمى بىلەن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي، قوقەن خانى بىلەن بۇخارا ئەمىرلىكى ئوتتۇرىسىدا ھەربىي توقۇنۇش پەيدا بولۇپ، يۈسۈپ خوجىغا بېرىلىدىغان ياردەم ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، يۈسۈپ خوجا قەشقەردىن چېكىنىپ قوقەنگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. يۈسۈپ خوجنى قوللىغان يەرلىك ئاھالىدىن 70 مىڭ كىشىمۇ چىن خاقانىنىڭ ئۆزلىرىدىن ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كەتتى. قوقەن خانى ئۇلاردىن 20 مىڭ ئادەمنى ئەنجانىنىڭ شەھرىيخان دېگەن جايىغا ئورۇنلاشتۇرغان[1].

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈشى 1760 ـ 1765 ـ يىللىرىدىن باشلانغان بولۇپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ 80 ـ يىللىرى، ھەتتا 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ 60 ـ يىللىرىغىچە داۋاملاشتى.

## ئىپارخان

ئاكا ـ ئۇكا خوجىلارنىڭ ۋەتەن ئازادلىقى ئۈچۈن 1757 ـ 1759 ـ يىللىرى ئارىسىدا، شەرقتىن باستۇرۇپ كەلگەن ياۋۇز چىن خاقانى قوشۇنلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىدە ئەرەنچە كىينىپ، ئەرلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ باسقۇنچىلارغا قارشى جەڭ ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرى ناھايىتىمۇ كۆپ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە، نامى ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدىن ئالاھىدە پەخىر بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان ۋە ئەلگە داستان بولغان قەھرىمان قىزلاردىن بىرى «ئىپارخان»دۇر.

ئىپارخانىنىڭ ئىجتىمائىي كېلىپ چىقىشى ھەققىدە تۈرلۈك مەلۇماتلار بار. بەزىلەر: ئىپارخانىنىڭ ئەسلى ئىسمى مەمۇر ئېزىم خان بولۇپ، ئۇ 1734 ـ يىلى قەشقەردە، ئاددىي باپكا (بوز توقۇغۇچى) ئائىلىدە تەۋەللۇت تاپقان. ئۇنىڭ بەدىنىدىن تەبىئىي يېقىملىق پۇراق تارقاپ تۇرغاچقا، خەلق ئۇنى «ئىپارخان» دەپ ئاتىغان، دېسە، ئۇيغۇر تارىخچىسى مۇھەممەد سىدىق قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق ئەسىرىدە: "ئاپپاق خوجا (ھىدايەتۇللا ئىشان) ئىككى ئايالىدىن ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز پەرزەنت كۆرگەن. ئاپپاق خوجىنىڭ مۆھتەرەم خېنىم دېگەن خوتۇنىدىن ئاپپاق ئېزىم خېنىم پادىشاھ ۋە قەمبەر خېنىم پادىشاھ دېگەن ئىككى قىزى بار ئىدى. ئاپپاق خوجا ھايات ۋاقتىدا ئاپپاق ئېزىم خېنىم پادىشاھ دېگەن قىزنى ئۆزىنىڭ ئىنىسى كارامەتۇللاھنىڭ ئوغلى ئابدۇلمۆئمىنگە ياتلىق قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىپەك خوجا، فارسا خوجا دېگەن ئىككى ئوغۇل تۇغۇلغان. فارسا خوجىنىڭمۇ ئىككى ئوغۇل بىر قىزى بولغان. بىرى خوجا كاخش، يەنە بىرى تۇردى خوجا، قىزىنىڭ ئىسمى مەمۇر ئېزىم پادىشاھ ئىدى. مەمۇر ئېزىم پادىشاھنىڭ بەدىنىدىن خۇشپۇراق تارقىلىپ تۇرغاچقا «ئىپارخان» دەپمۇ ئاتالغان." دەپ يازىدۇ. دېمەك، ئىپارخان ئاپپاق خوجىنىڭ چەۋرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىپارخانىنىڭ شەجەرىسى

خوجا مەخدۇم ئەزەم (خوجا ئەھمەد كاسانى)

خوجا مۇھەممەد ئىمىن (ئىشان كالان)

خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ

---

[1] Бухари Мирза – шомс О Некоторых Событиях В Бухаре Коканде И Кашгаре г· Казань· 1861г· Ст· 106·

ئاپپاق خوجا (ھدايەتۇللاھ خوجا)
ئاپپاق ئېزىم خېنىم پاشا (ئاپپاق خوجىنىڭ قىزى)
فارسا خوجا
تۇردى خوجا مەمۇرى ئېزىم پاشا (ئىپارخان)

## ئاپپاق خوجا كىم؟

ئاپپاق خوجا 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەنى تەخمىنەن 1535 ـ يىلى سوپىزىم ئېقىمىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەن بۇخارالىق خوجا مەخدۇم ئەزەم (خوجا ئەھمەد كاسانى)نىڭ چەۋرىسى، يەنى خوجا مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغلى خوجا مۇھەممەت (ئىشان كالان)نىڭ ئوغلى بولغان خوجا مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ ئوغلىدۇر.
خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ قۇمۇلغا بېرىپ، قۇمۇل ھاكىمىنىڭ قىزى زىلەيخا بېگىمگە ئۆيلەنگەن بولۇپ، ئاپپاق خوجا 1630 ـ يىلى قۇمۇلدا تۇغۇلغانىدى.
ئاپپاق خوجا 1660 ـ يىلى دادىسى مۇھەممەد يۇسۇپ خوجا بىلەن قۇمۇلدىن قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ زامانلاردا، سەئىدىيە خانلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئابدۇللاھ خان (1638 ـ 1668 ـ يىللىرى) دادا ـ بالا ئىككىسىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، قىزغىن كۈتۈۋالغانىدى. ئابدۇللاھ خان ۋاپات بولۇپ، سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختىگە ئىسمائىل خان چىققان ۋاقىتلاردا (1671 ـ 1679 ـ يىللىرى)، ئاپپاق خوجىنىڭ قەشقەر ۋە يەركەندىكى تەسىرى بەكمۇ كۈچىيىپ كەتتى. ئۇ، يەركەن ۋە قەشقەردە ناھايىتى كۆپ مۇرىت توپلىغاندىن كېيىن، دىنىي ھۆكۈمرانلىقتىن سىياسىي ھۆكۈمرانلىققا ئۆتۈپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا باشلىدى.
ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە، ئىسمائىل خان ئوردا ئەمەلدارلىرىنى مەجلىسكە توپلاپ، ئاپپاق خوجىنى يەركەن تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى قارار قىلدى ۋە 1672 ـ يىلى ھەيدەپ چىقاردى.
شۇندىن كېيىن، ئاپپاق خوجا ئۆزىگە خەيرىخاھلىق قىلىپ، يەركەن تەختىنى ئېلىپ بېرىدىغان ھامى ئىزدەپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خۇراساندىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەرنى قىدىرىپ چىققان بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ، يەركەن تەختىنى ئېلىپ بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. يەتتە يىل سەرسان ـ سەرگەردانلىقتا يۈرۈپ ئۆزىگە ھېچقانداق باشپاناھ تاپالمىغان ئاپپاق خوجا، تىبەتتىكى بۇددا براخمانى دالاي لامانىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تىبەتنىڭ مەركىزى لخاساغا بېرىپ، دالاي لامانىڭ ئۆزىنى قوبۇل قىلىشىنى كۈتۈپ، لاماسون ئىبادەتخانىسىدا 90 كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇردى. 90 كۈندىن كېيىن، دالاي لاما ئۇنى قوبۇل قىلىپ، مۇرات ـ مەقسىتىنى سورىغاندا، ئاپپاق خوجا يىغلاپ تۇرۇپ: «مەن بولسام، يەركەن، قەشقەر ۋە ئالتىشەھەرنىڭ خوجىسىدۇرمەن. ئىسمائىل خان مېنى يۇرتۇمدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، ماڭا دەشنەم بېرىپ ھاقارەتلىدى» دېدى. دالاي لاما: «بولدى بەس! مەن سېنىڭ دەردىڭنى چۈشەندىم. بۇ يەردىن سېنىڭ يۇرتۇڭغا قوشۇن ئەۋەتىش ناھايىتى مۈشكۈل. شۇڭا، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدا تۇرۇۋاتقان جوڭغار خانى باتۇر خۇنتەيجىگە خەت يېزىپ، ساڭا ياردەم بېرىشنى سورايمەن» دېدى.

بۇ خەتنى ئالغان ئاپپاق خوجا بىر يول باشلىغۇچى موڭغۇل بىلەن 90 كۈن يول يۈرۈپ، چىڭخەي، قۇمۇل، تۇرپان ئارقىلىق ئىلىغا كېلىپ، خەتنى خۇنتەيجىگە تازىم بىلەن قوش قوللاپ تاپشۇرىدۇ.

بۇ خەت، ئۆزۈندىن بېرى قەشقەرىيەنى قولغا كىرگۈزۈش كويىدا يۈرگەن باتۇر خۇنتەيجىگە ناھايىتى ياراپ كەتتى. 1678 ـ يىلى، 12 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ كەلگەن ئاپپاق خوجا ئالدى بىلەن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن جوڭغار قوشۇنى ئىسمائىل خان قوشۇنىغا تەڭ كېلەلمەي، چېكىنىشكە باشلىدى. ئەنە شۇنداق جىددىي پەيتتە، ئاپپاق خوجا ئۆزىنىڭ قەشقەر ۋە يەركەندىكى مۇرتلىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇلارنى ئىسمائىل خانغا قارشى تۇرۇپ، جوڭغار ـ قالماق ئەسكەرلىرىگە ياردەم بېرىشكە چاقىردى.

ۋەتەن ۋە مۇستەقىللىق ئىنتايىن خەۋپ ئاستىدا تۇرغان بۇ پەيتتە، ئاپپاق خوجىنىڭ ھېچنەرسىنى چۈشەنمەيدىغان، نادان، جاھىل مۇرتلىرى قالماق ئەسكەرلىرىگە ماسلىشىپ، سېپىل ئىچىدە توپىلاڭ چىقاردى ۋە بۇلاڭچىلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن، دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئىسمائىل خان قوشۇنلىرىدىن ئۈستۈن كېلىپ، شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى، ئىسمائىل خان ۋە ئۇنىڭ 70 تىن ئارتۇق ئۇرۇق ـ جەمەتىنى ئەسىر ئالدى.

شۇنداق قىلىپ، 170 يىلدىن كۆپرەك ھۆكۈم سۈرگەن «يەركەن سەئىدىيە خانلىقى» ئاپپاق خوجىنىڭ خائىنلىقى بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، جوڭغار ـ قالماق نازارىتى ئاستىدىكى ئاپپاق خوجا ۋە خوجىلارنىڭ بېقىندى ھۆكۈمرانلىقى باشلاندى.

بۇ دەۋر — ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى ئەڭ زۇلمەتلىك، قاراڭغۇ دەۋر بولۇپ، ناھايىتى كۆپ ئىلىم ـ پەن ئەھلى، سەنئەتكار، مۇزىكانتلار، قىرغىن قىلىندى. يەركەن شەھىرىگە ئوت قويۇلۇپ، پەن ـ مەدەنىيەت ئوچاقلىرى ۋە قەدىمىي ئۇيغۇر بىناكارلىقى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىندى.

موللا مۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ «تارىخي ھەمىدىيە» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «قالماقلار بىلەن خوجىلار بىرلىشىپ، شېرىكلىك بىلەن يۇرتنى سورايدىغان بولدىلەر. خوجاملار باج ـ خىراج ئورنىدا ھەر يىلى ئىلىغا خام (ماتا) چىقىرىپ تۇردىلەر... ئۇلارنىڭ پەرمانىغا ئىتائەت قىلىپ ھەر يىلى بىر ياكى ئىككى نۆۋەت تارتۇق، پەش ـ كەش بىلەن چىقىپ كۆرۈنۈش قىلىپ، جاۋاب بولغاندا ئۆز جايىغا قايتىپ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇراتتى.»

بوۋىسى ئاپپاق خوجىدىن 105 يىل كېيىن تۇغۇلغان ئىپارخاننىڭ تەقدىرى باشقىچە بولدى. بوۋىسى ئاپپاق خوجا شەرقىي تۈركىستاننىڭ دىنىي ۋە سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىنى ئۆز قولىغا ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ۋەتەن، مىللەت ھەتتاكى دىنىي ئېتىقادى ۋە ۋىجدانىنى سېتىپ، مۇسۇلمانچىلىق ئىمانىدىن چىققان بولسا، چەۋرىسى ئىپارخان بوۋىسىنىڭ ئەكسىچە، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ھۆر ـ ئەركىنلىكى ۋە ئىسلام دىنى يولىدا كۈرەش قىلىپ، ئۆز مىللىي ئىپتىخارى، غورۇرى ۋە ۋىجدانىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن جان تىكىپ ئېلىشتى.

ئىپارخان — ئىسمى، جىسمىغا لايىق گۈزەل، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، شەرمىي ھايالىق، جەسۇر قىز بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلدى. بۇ دەۋردە، نامىدا جوڭغارلارغا قارام، ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل بولغان ئالتىشەھەردىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ھەممە يېرىدە ‹مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش› دېگەن

مىللىي روھ ئويغانغان بولۇپ، ئەنە شۇ روھ ئىپارخاننىڭ مىللىي ئىپتىخارى ۋە غورۇرىغا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قىلغانىدى.

ئىپارخان چوڭ بولۇپ ۋايىغا يەتكەندە، مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قەشقەردىكى لەشكەر بېشى يەھيا خوجىغا ياتلىق بولدۇ ۋە ھاياتى ساراي ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كېلەچەك تەقدىرى بىلەن مۇستەھكەم باغلانغان ھالدا ئۆتۈشكە باشلايدۇ. ئىپارخان ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك يولدىشى يەھيا خوجا بىلەن پەقەت بىر نەچچە يىل تىنچ ۋە شېرىن ھايات كەچۈردى. لېكىن كۆپ ئۆتمەي، ئۇلارنىڭ تىنچ ۋە شېرىن ھاياتى شەرقتىن كەلگەن باسقۇنچى چىن قوشۇنلىرى تەرىپىدىن بۇزۇلدى. ۋەتەن مۇستەقىللىقى خەۋپ ئاستىدا بولغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرىنى ۋەتەن ئازادلىقى، مىللىي مۇستەقىللىق ۋە خەلقىنىڭ بەخت ـ سائادىتى يولىدىكى جەڭگە ئاتاپ، بۇ يولدا ناھايىتى كۆپ قەھرىمانلىق ۋە پىداكارلىق كۆرسەتتى.

1758 ـ يىلى، ئىپارخاننىڭ ئۆمۈرلۈك يولدىشى يەھيا خوجا قەشقەر ۋە يەركەن مۇداپىئەسى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان مۇقەددەس جەڭلەرنىڭ بىرىدە مەردانىلەرچە جەڭ قىلىپ، شېھىد بولدى.

ئىپارخان شېھىد بولغان ئېرى ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ ئولتۇرمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ماتەم مىللىي ماتەم، يەنى مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ھايات ـ ماماتى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىپارخان قولىغا قىلىچ ئېلىپ، ئەرەنچە ياسىنىپ، ئېرىنىڭ ئىزىدىن ماڭدى ۋە پۈتۈن خەلقنى دۈشمەنگە قارشى جەڭگە چاقىرىپ مۇنداق مۇراجىئەت قىلدى: « ئەزىز ۋەتەنداشلىرىم! جەڭگە ئاياللارنىڭ قاتنىششى سىلەر ئۈچۈن قانداقتۇر غەيرى تۇيۇلۇپ، جەڭنىڭ قانۇن ـ قائىدىسىگە خىلاپ بولسىمۇ، لېكىن ھايات مەجبۇر قىلسا، ئۇ تەبىئىدۇر. ئادەم بالىسى ئۈچۈن قۇللۇقتىنمۇ ئېغىر جازا يوق. ئۇ، دۇنياغا ئەركىن كەلگەن، ئاخىرىغىچە ئەركىن ياشاپ ئۆتۈشى كېرەك. ئۆز خەلقى، ئۆز مىللىتىنىڭ قۇللۇقتا ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈش پەقەت بۇ تەۋرىرۈك زېمىندا ياشاۋاتقان ئەرلەر ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى دۇنياغا كەلتۈرگەن ئانىلار ۋە ئاياللار ئۈچۈنمۇ بۈيۈك نومۇستۇر.

مېنىڭ كۆز ياشلىرىم ئۆمۈرلۈك يولدىشىم يەھيا خوجا ۋە ۋەتەن ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ ئېقىپ تۈگىدى. مەن تىرىكلا بولىدىكەنمەن، بۇ مۇقەددەس زېمىنغا ھېچكىم كۆز تىكەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئۆلكە، بۇ ۋەتەن بىز ئۈچۈن جەننەتتىنمۇ ئەلا بولۇپ، ئۇنى دۈشمەنلەردىن ھىمايە قىلىش ھەر بىرىمىزدىن جان پىدا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر مەن بۇ جەڭدە ئۆلۈپ كەتسەم، مېنىڭ نامىم ۋەتەن ئازادلىقى يولىدا قۇربان بولغان شېھىدلەر قاتارىدا بولۇشنى خالايمەن. چۈنكى ۋەتەن ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش — مىللىتىمىز، دىنىي ئېتىقادىمىز ۋە ھۆر ـ ئەركىنلىكىمىز ئۈچۈن بولغان كۈرىشىمىزدۇر.

بۇ باسقۇنچىلارنىڭ ئايىغى بىزنىڭ مۇقەددەس، پاك زېمىنىمىزغا تېگىشى بىلەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىڭ يىللار داۋامىدا ياراتقان بۈيۈك تارىخىي يادىكارلىقلىرى، مەدەنىيەت، سەنئەت، شان ـ شەۋكىتى يەر بىلەن يەكسان بولۇپ، پايخان قىلىنماقتا. ئۇلار بۇ ۋەيرانچىلىق، قىرغىنچىلىقلارنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ مىسكىن ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىچە زوقلىنىپ، ھۇزۇرلانماقتا. بۇنداق تىز چۆكۈپ ياشىغاندىن كۆرە، تىك تۇرۇپ كۈرەش قىلىپ ئۆلگەن ئەلادۇر.

بىز ئۆزىمىزنىڭ خاتالىقىمىز، خائىنلىقىمىز تۈپەيلىدىن دۈشمەنلەرنىڭ باستۇرۇپ كىرىشىگە يول قويدۇق. ئەمدى بىز تارىخىمىزدىكى بۇ قارا داغلارنى ئۆز قېنىمىز ۋە جېنىمىز بىلەن يۇيۇشىمىز كېرەك. ۋەتەن ۋە خەلقىمىز ئالدىدىكى بۇ قەرزىمىزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، ھەر بىر ئۇيغۇر قىز - يىگىتى بۇ جەڭدە ئۆزىنى ھەم قىلىچ ھەم قالقان قىلىپ، ۋەتەننى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن جاسارەت كۆرسىتىشى ۋە جېنىنى پىدا قىلىشى لازىم. چۈنكى بۇ مۇقەددەس ئۇرۇش جەڭگاھىدا مىڭلىغان ۋەتەن ئوغلانىنىڭ مۇردىلىرى قالماقتا. قىلىچ، نەيزە ۋە مىلتىق ئوقلىرى يامغۇردەك يېغىۋاتقان بۇ جەڭگاھتا يارىدار بولغانلار ئات تۇياقلىرى ئاستىدا جان ئۈزمەكتە. ئۇلارنى كۆرۈپ يۈرەك باغرىم يارا بولدى. بۇ جاراھىتىمگە پەقەت دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلغاندىلا ئاندىن قەلبىمگە مەلھەم بولىدۇ.

ئۇ يەردىكى ھەر بىر جەسەتنىڭ ئىسمى بار، ئىگىسى بار، ئۇرۇق ئايمىقى، يار - بۇرادىرى، بالا - چاقىسى، ئاتا - ئانىسى بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلىپ، تارىختا مەڭگۈ قالغۇسىدۇر.

ۋەتەن ئازادلىقى ئۈچۈن بولغان بۇ مۇقەددەس جەڭدە مىڭلاپ - ئون مىڭلاپ ئەر - يىگىت، قىزلارنىڭ ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىشىدىن قورقماي كۈرەش ئېلىپ بارغاندىلا غەلىبە قازىنىش مۇمكىن. بۇ ھەقىقەتنى ئاڭلاشقا بەزى ۋەتەن ۋە مىللەت خائىنلىرىنىڭ تاقىتى يەتمىسمۇ، بۇ ھەقىقەتنى ئېيتىش مېنىڭ ئىماني، ئېتىقادي ۋە ۋىجداني ۋەزىپەمدۇر.

بۇ باسقۇنچىلىق ئۇرۇشى مىڭلاپ - ئون مىڭلاپ قاراكۆز ئوغلانىنىڭ جېنىنى ئالدى. بىز ئۇلار ئۈچۈن ھازا تۇتۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدۇق. چۈنكى بىز ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ھازا ۋەتەن ھازاسىدۇر. چۈنكى بۇ كۈنلەردە، ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ جەڭگاھ ۋە كوچىلاردىكى جەسەتلىرىگە قاراپ كۆڭلى غەشلىككە تولغان بولسىمۇ، ئانا ۋەتەن ئۇلارنىڭ جاسارىتى ۋە غەيرەت - شىجائىتىدىن مەمنۇن بولماقتا. چۈنكى ئۇلار بالايىئاپەت دەشتىدە ئوۋچى قوغلاپ يۈرگەن جەرەندەك قاچمىدى، بەلكى دۈشمەنلەر بىلەن شىردەك ئېلىشىپ شېھىد بولدى.

بۇ باسقۇنچىلىق ئۇرۇشىدا، دۈشمەن ئاتقان ھەر بىر پاي ئوق ۋە سانجىغان ھەر بىر تىغ جەڭچىلەرگە ئەمەس، بەلكى بۇ جەڭدە قانچە مەرت ۋە جەسۇر قىز - يىگىت قۇربان بولغان بولسا، شۇنچە ئاتا - ئانىنىڭ يۈرىكىگە سانجىلغان نەيزە بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاياللارمۇ ۋەتەننى، ئىماننى، ۋىجداننى، مىللەتنى ۋە ئۇنىڭ مۇستەقىللىقىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئەرلەر بىلەن بىرگە بۇ مۇقەددەس جەڭگە ئاتلاندى. بۇ جەڭ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدا ئۆز ئازادلىقى، مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئادالەت ۋە (ئۆز پەرزەنتلىرى ئۈچۈن) قىساس جېڭى بولۇپ قالغۇسى.

ئانىلارنىڭ جەڭدە شېھىد بولغان ھەر بىر پەرزەنت ئۈچۈن كۆز يېشى قىلىپ يىغلىشى، بۇ مىللەتنىڭ يىغىسىدۇر، يەنى ئانىلارنىڭ قايغۇسى — مىللەتنىڭ قايغۇسىدۇر. چۈنكى ئۆز جىگەر - پارىلىرىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن كۆز يېشى قىلىپ ئازابلانغان ئانىلاردا نە كۈندۈز، نە كېچىسى ھالاۋەت بولمايدۇ. بۇ ئانىلارنىڭ دەريادەك ئاققان كۆز ياشلىرى بۇ دۇنيانى خۇددى سەل سۈيىدەك بېسىپ كېتىشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ ئۇرۇش ئۇلارغا بالايىئاپەت كۆز يېشىدىن باشقا ھېچنەرسە ئېلىپ كەلمىدى. بۇ كۆز ياش، دەرت - ئەلەملەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، جاسارەت كۆرسىتىپ، ۋەتەن ئازادلىقى يولىدا كۈرەش قىلايلى! قېنى باھادىر قەھرىمانلار، ۋەتەن سىلەردىن جاسارەت كۈتمەكتە! ئۇر، ئۇر، ھۇررا، ھۇررا، ئالغا، ئالغا!...»

ئىپارخان باشچىلىقىدىكى بۇ قوشۇن يەركەننى مۇداپىئە قىلىش جېڭىدە، يەكەننى قورشىۋالغان چىن قوشۇنلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ چىقىشتا، يەركەن ۋە قاراسۇ دەريالىرىنىڭ بويلىرىدىكى جەڭلەردە، پامىر تېغى ۋە ئۇنىڭ ئېگىز - پەس ئىدىر، جىلغىلىرىدا، تاغلىق بەدەخشانغا ئۆتۈدىغان تاغنىڭ يالغۇز ئاياق يىلان ئىز يوللىرى ۋە بەلەنت چوققىلىرىدا ناھايىتى كۆپ تەبىئىي، جىسمانىي توسۇق ۋە قىيىنچىلىقلارنى، روھىي چۈشكۈنلۈكلەرنى يېڭىپ، ئات ئۈستىدە چىن قوشۇنلىرىغا قارشى قىلىچ يالىڭاچلاپ ئۇرۇشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ جىسمانىي ئىمكانىيەتلىرىدىن بىر نەچچە ھەسسە ئۈستۈن بولغان جاسارەتلىرىنى كۆرسەتتى.

لېكىن تەڭسىز كۈچ نىسبەتتىكى بۇ جەڭلەردە، ئاكا - ئۇكا بۇرھانىدىن خوجا بىلەن جاھانگىر خوجا بەدەخشانغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن بەدەخشاننىڭ خائىن ھاكىمى ئەھمەد شاھ ئاكا - ئۇكا خوجىلارنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، ئىپارخاننى ئەسىر ئالدى.

چىن قوشۇنىنىڭ گېنېراللىرىدىن جاۋخۇي ۋە پۇدېيلار بۇ ئۇرۇشنىڭ غەلىبىلىك تاماملانغانلىقىنى چىن خاقانىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بېيجىڭغا بېرىشقا ئالدىرىماقتا ئىدى. ئۇلار ئاكا - ئۇكا خوجىلارنىڭ كېسىلگەن باشلىرى بىلەن ئەسىر ئېلىنغان ئىپارخاننى چيەنلوڭ خانغا سوۋغا قىلىپ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىغا ئۆز مەنسەپلىرىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈپ، كۆپ بايلىققا ئىگە بولماقچى ئىدى. دەرھەقىقەت، شەرقىي تۈركىستان دىيارىدا قىرغىنچىلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان چىن قوشۇنى قوماندانلىرىنىڭ ھەر بىرى مۇناسىپ مەنسەپ ۋە مال - مۈلۈك بىلەن تەقدىرلەندى.

ئاكا - ئۇكا خوجىلارنىڭ باشلىرى قىلىچ بىلەن كېسىلىپ بېيجىڭدىكى ئىت ۋە قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم ئورنىدا تاشلاپ بېرىلىپ، نام - نىشان، ۋەتەن ۋە قەبرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىندى.

ئەمما ئىپارخاننىڭ تەقدىرى باشقىچە بولۇپ، ئۇنىڭ ساھىبجامالى، گۈزەل ھۆسنى ۋە لاتاپىتى ئۆز بېشىغا ئاپەت بولدى. ئۇنىڭ سۆيگۈ - مۇھەببىتى لەنەتلەنگەندى.

## مۇھەببەت ۋە نەپرەت

غالىب ۋە مەغرۇر چىن خاقانى چيەنلوڭ خېلىدىن بېرى ئۆزىگە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلغان ۋە ناھايىتى كۆپ تەشۋىش سېلىپ، ئارامنى قويمىغان «غەربىي يۇرت»لۇق ئەسىرلەرنى كۆرۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەندى.

بۈگۈن ئەنە شۇ نىيەت ئۈچۈن پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەت تېپىلغان بولسا كېرەك، ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ۋە سالاپىتىنى كۆرسىتىپ، ھەيۋە قىلىپ قويۇش مەقسىتىدە ئوردا ئەھلى بىلەن ئەسىرلەر تۇرغان جايغا كەلدى. «دىققەت، دىققەت! چىن خاقانى، تەڭرىقۇت ھەزرىتى چيەنلوڭ خان قەدەم تەشرىپ قىلماقتا، مەرھەمەت كۈتۈپ ئېلىڭلار! ئۇنىڭغا ئىززەت - ئىكرام كۆرسىتىپ، قۇللۇق سالىمىنى بەجا كەلتۈرۈڭلار! "سەن گۈي، جيو كوۋ!" (ئۈچ قېتىم تىز چۆكۈپ، خانغا توققۇز قېتىم سەجدە قىلىڭلار!)» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ، پۈتۈن ساراي ئەھلى تىز چۆكۈپ، يەرگە باش ئۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈشكە باشلىدى.

لېكىن يەرگە باش ئۇرۇپ، سەجدە قىلىۋاتقانلارنىڭ ئالدىدا، بىر ئايال ئۆز قەددى - قامىتىنى تىك تۇتۇپ مەغرۇر تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن ساراي ئەھلىدىن بىرى: «ئەي ‹غەربىي يۇرت›لۇق ۋەھشىي! تەڭرىقۇت ئالدىدا تىز چۆكۈپ سەجدە قىل!» دېدى. لېكىن ئايال: «ئۇ خۇدا ئەمەسكى،

مەن يەرگە باش قويۇپ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلسام. بىز مۇسۇلمانلار — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرى پەقەت ئىككى دۇنيانىڭ ئىگىسى بولغان خۇداغا سەجدە قىلىپ، يەرگە باش قويىمىز» دېدى. قىساس ئوتىدا يانغان ئىپارخان تىلىنى قىلىچتەك ئۆتكۈر قىلىپ، قەددىنى پۈكمەي، مەغرۇر باش كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

چيەنلوڭ خاننىڭ نەزەرى ئىپارخانغا چۈشۈشى بىلەن تەڭ، خىرە شام چىراقلار بىلەن يورۇتۇلغان ساراي خانىلىرى ۋالىلدە يورۇپ، خاننىڭ ئالدىدا قانداقتۇر ھۆر ـ پەرى تۇرغاندەك قىلدى ۋە خان ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي، گاڭگىراپ قالدى. سەلكىن شامال بىلەن پۈتۈن سارايغا كىشىنىڭ دىمىقىنى يارىدىغان خۇشبۇي — ئىپار ھىدى تارقالدى. بۇ ھىدنىڭ ئەنە شۇ ئەسىر ‹قەشقەر گۈزىلى›نىڭ بەدىنىدىن تارقىلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن چيەنلوڭ خاننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ، جىسمىنى قانداقتۇر شېرىن خىياللار چۇلغىۋالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، چيەنلوڭ خان ئۆزىدە ئىپارخانغا نىسبەتەن دۈشمەنلىك ئەمەس، بەلكى مېھرى ـ مۇھەببەت تۇغۇلۇپ، قەھرلىك يۈزلىرىدە ئىللىق جىلمىيىشنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

شۇنداق قىلىپ، چيەنلوڭ خان ئىپارخاننىڭ مەپتۇنى، ئەسىرىگە؛ ئىپارخان بولسا، ئەسىرلىكتىن مۇھەببەت مۈلكىدە سۇلتان ۋە چىن خاقانى ئارزۇ قىلىپ يېتەلمەيدىغان ئىشقى ـ مۇھەببەت مەبۇدىسىگە ئايلاندى.

چىن خاقانى ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ئۆز كۆڭلىدە: «ئۇنىڭ كۆڭلىنى قانداق قىلىپ ئالسام بولار؟ ئۇنى تۇتقۇنلۇق ۋە ئەسىرلىكتىن ئازات قىلىشىم شەكسىز، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن بىر ھۆر ـ پەرىنىڭ مۇھەببىتىنى قازىنالارمەنمۇ؟ ئۇنىڭ ئىشقى ـ مۇھەببىتىنى بۇيرۇق بىلەن ئۆزەمگە قاراتسام، ناھايىتى قوپاللىق قىلغان بولىمەن ۋە بۇ ئۇنىڭ نازۇك تەبىئىتىگە خوش كەلمەيدۇ. ئەگەر مەن خۇشامەت يولىنى تۇتسام، ئۇ ھالدا مېنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيۇمغا دەخلى يېتىپ، خانلىق سۈپىتىمدىن ئايرىلىپ قېلىشىم مۇمكىن. ‹غەربىي يۇرت›تا ياشايدىغان بۇ ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ بۇنچىلىك جەزبدار، گۈزەللىكىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغانىكەنمەن. ئۇلار نەقەدەر خۇش روھ، دىلبەر، ھەتتا تۇتقۇنلۇق قەپىزىدىمۇ بىلىكمىزگە كۈچ، قەلبىمىزگە قۇۋۋەت ئاتا قىلغۇچى پەرىشتىلەرگە ئوخشايدۇ؟!» دېگەنلەرنى خىيال قىلاتتى.

قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئوۋچ ـ ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ، قەلبىگە ئۆزىنىڭ ئىشەنچ، ئېتىقاد ۋە ئىشقى ـ مۇھەببەت ئوتىنى سالماقچى بولغان چىن خاقانى ئىپارخانغا خۇش مۇئامىلە، تەبەسسۇم، مېھرى ـ شەپقەت، كامالى ئېھتىرام ۋە تىل ياغلىمچىلىقى قىلىشقا باشلىدى.

چيەنلوڭ خان ئىپارخان بىلەن بولغان بىر ئۇچرىشىشتا: «دەشتى ـ جەزىرەمدە بىزدىن كىيىكتەك ھۈركۈمە! بىزمۇ ئادەم، بىزدىمۇ يۈرەك، ئىشقى ـ مۇھەببەت بار. خاتىرجەم بولۇپ يېنىمغا كەلگىن، سۆھبەت قۇرۇپ، بۇ ھاياتنىڭ لەززەتلىرىنى بىرگە سۈرەيلى! گۈزەل باغلار ئارا سەيلى قىلىپ، يۈرەك تۈگۈنلىرىنى يېشەيلى!» دېيىشكە مەجبۇر بولدى.

چۈنكى ئىپارخاننىڭ ئىككى ئۆرۈم قارا چېچى كىشى قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، جان ئاتا قىلاتتى ۋە ۋۇجۇدىدىن شۇنداق خۇشھىد كېلەر ئىدىكى، سابا بۇنداق خۇشپۇراقنى جاھانغا كۆز ـ كۆز قىلىپ، چىن خاقانى سارىيىدا ھېچقاچان مۇنداق خۇش پۇراق تارقاتمىغانىدى. ئىپارخاننىڭ ھۆسن ـ

جامالى ۋە ئىپار ھىدى چىن خاقانى چىيەنلوڭنىڭ ئەقلى ـ ھوشىنى ئوغرىلاپ، ئۇنى ئىشقى ـ مۇھەببەتنىڭ سەۋداسىغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

ئىپارخان ئۆزىنىڭ كىشى قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى جومبۇشقا كەلتۈرگۈچى ناز ـ كەرەشمىلىرى بىلەن چىن خاقانىنى ئۆزىگە پۈتۈنلەي جەلپ قىلىپ، ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى شەھۋەت ـ ھېرىس ئارقانلىرى بىلەن باغلاپ، ئەسرىنىڭ ئالدىدا ئەسىر قىلىپ قويغانىدى.

ئىشق ـ مۇھەببەت ئالدىدا شاھ ۋە گاداي ئوخشاش بولغىنىدەك، غالىب شاھنىڭ كۆڭلىدە ئىپارخانغا مېھرى ـ مۇھەببەت ئويغانغان بولسا، ئىپارخاندا ئۆز ئانا يۇرتى ۋە ۋەتىنىگە يۈزمىڭلاپ قوشۇن بىلەن باستۇرۇپ كىرىپ، چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال دېمەي، ھەممىنىڭ بېشىدا ئەجەل قىلىچىنى ئويناتقان، شەھەرلەرگە ئوت قويۇپ ۋەيران قىلىۋەتكەن، باسقۇنچى ئىمپېراتورغا نىسبەتەن ناھايىتى قاتتىق نەپرەت ئويغانغانىدى.

ئىپارخانىنىڭ قايغۇسى ۋە نەپرىتىدىن خەۋەر تاپقان چىن خاقانى: «بۇ ياۋايى، ۋەھشىي خەلقنىڭ قىزى ئۆز يۇرتىنى، شۇ تاغۇ ـ تاش، دەشت ـ چۆللىرىنىڭ ئادەملىرىنى سېغىنغان بولسا، ئۇنىڭ يۇرتىدىن ئون مىڭلاپ ئادەمنى خانبالىق (بېيجىڭ)غا كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئۇلار ئۈچۈن تۇرار جاي، ھەتتا مەھەللە قۇرۇپ بېرىشكە كۈچۈم يېتىدۇ. ئەمما بىر شەرتىم بار، ئۇ بولسىمۇ، ئىپارخان ماڭا خانىشلىققا (تەنىمەھرەملىككە) كۆنسىلا بولىدى» دېدى. لېكىن ئىپارخان: «ھەقچان، ئادەملەرگە جەبىر ـ زۇلۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆي ـ جاي، مال ـ مۈلكىنى ۋەيران قىلىپ ئېلىپ كېلەر؟! ئۇنىڭ گۆھەردەك تاغلىرىنى، ئالتۇندەك تۇپراقلىرىنى ۋە ئۇ ئالتۇندەك تۇپراقلاردا ئۆسىدىغان، يوپۇرمىقى كۈمۈش، مېۋىسى ئالتۇن دەرەخلەرنى ئېلىپ كېلىشكە بۇ باسقۇنچى خانلارنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى يېتەمدۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان خان دەرھال بۇيرۇق بېرىپ، قەشقەرنىڭ توپىسىنى قاپ (تاغار)لارغا قاچىلاپ بېيجىڭغا كەلتۈرگەن. يوپۇرمىقى كۈمۈش، مېۋىسى ئالتۇن دەرەخنى ناھايىتى كۆپ ئىزدەپ، ئاخىرى قەشقەر جىگدىسى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە جىگدىنىڭ ياش كۆچىتىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، بېيجىڭغا تىكىدۇ. ئىپارخانىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن قەشقەردىن ناھايىتى كۆپ ساندا ئۇيغۇرنى بېيجىڭغا كۆچۈرۈپ كەلگەن ۋە ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ھۆرمەتلەشكە مەجبۇر بولغان.

بېيجىڭدىكى «يۈن مىڭ يۈەن»ناملىق خان ساراي بېغىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەسجىد سېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئىپارخانىنىڭ بۇ ئۇيغۇر مەھەللىسىنى كۆرۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئېگىز راۋاق ياساپ بەرگەن ۋە «تولۇن ئاي راۋىقى» دەپ ئاتىغان. ئىپارخان ئۆز يۇرتى ۋە خەلقىنى سېغىنغاندا ئەنە شۇ ئېگىز راۋاققا چىقىپ، «قەشقەر مەھەللىسى» گە قاراپ ئولتۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، بۇ جاي «ئەل ـ يۇرتنى سېغىنىپ، ئۇنى تاماشا قىلىش مۇنارى» ياكى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئوردىسى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ يەرگە قەشقەردىن ئىپارخانىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە خوشنىلىرىدىن جەمئى 108 ئائىلە (705 كىشى) كۆچۈرۈپ كېلىنگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خان ئوردىسى ھېسابىدىن ئۆي ـ جاي ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك بىلەن تەمىنلەنگەنلىكتىن بۇ جاي «قىزىل دوپپىلىق مۇسۇلمانلار مەھەللىسى» دەپ ئاتىلاتتى[1].

[1] «ئىپارخان» ناملىق ماقالىلەر توپلىمى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989 ـ يىل. 191 ـ بەت.

خىتاي تارىخچىسى جى داجۇاڭ ئۆزىنىڭ «ئىپارخاننىڭ ئوردىدىكى هاياتى» ناملىق ماقالىسىدە: «بۇ ئىمارەت ۋە مەسجىد 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىغىچە ساقلانغان بولۇپ، 1911 ـ يىلى چىن خاندانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يۈەنشىكەي جۇمھۇرىيەت رەئىسى بولۇپ كەلگەن دەۋردە بۇزۇپ تاشلانغانىدى» دەپ يازىدۇ[1].

ئوردىدا ئىپارخان ئۈچۈن قەشقەردىن ئاشپەزلەر كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر تائاملىرى چيەنلوڭ خانغا يېقىپ قالغاچقا، ئاشپەزلەر خاننىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغانىدى[2].

ھەتتا ئىپارخانغا ئۇيغۇرچە لىباس (كىيىم ـ كېچەكلەر)لارنى تىكىش ئۈچۈنمۇ قەشقەردىن چېۋەر ئۇستىلار كەلتۈرۈلگەنىدى.

چيەنلوڭ خان ھەر يىلى باھاردا مەملىكەت بويلاپ ئەڭ گۈزەل، خۇش مەنزىرىلىك ۋە ساپ ھاۋالىق جايلارنى ساياھەت قىلاتتى. تەگرىقۇت ئىپارخاننىڭ ئىشقى ـ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇنى ئالتە مەلىكىسى (خانىشى) بىلەن بىرگە ساياھەت قىلىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. بۇ ساياھەت، ئىپارخان ئوردىغا كېلىپ، بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1776 ـ يىلى باھاردا، چاڭ جياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي دېڭىز قىرغاقلىرىغا يېقىن سۇجۇ ۋە خاڭجۇ قاتارلىق جايلارنى تاماشا قىلىش بىلەن باشلانغان ئىدى. چيەنلوڭ خان سەپەر جەريانىدا ئىپارخان بىلەن كۆپرەك بىللە بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتبەخش مۇئەتتىر ئىپار ھىدىنى پۇراپ، جەزبىدار ۋە لاتاپەتلىك قەددى ـ قامىتىدىن كۆزلىرىنى ئۈزەلمەي، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ـ ئۆزى مەھلىيا بولۇپ ئولتۇرۇپ قالاتتى.

خاڭجۇ شەھىرىگە كەلگەندە، مانجۇ مىللىتىگە مەنسۇپ مەلىكىلىرىدىن ئوسى نالا چيەنلوڭ خاننىڭ ئىپارخانغا كۆرسەتكەن خۇش مۇئامىلە ۋە خۇشامەتلىرىگە چىدىمىغانلىقىدىن، ھەسەتخورلۇق قىلدى ۋە خانغا ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ ئىككى ئۆرۈم قارا چېچىنى قايچا بىلەن قىرقىپ تاشلىدى. چېچىنى قىرقىپ تاشلاش ـ مانجۇ مىللىتىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە ناھايىتى چوڭ گۇناھ ھېسابلىناتتى. جاھاندا ھەسەت ۋە رەشكتىنمۇ چوڭ جاپا ـ مۇشەققەت يوق. چۈنكى ھەسەتخور كىشى باشقىلارنىڭ خۇرسەنلىكىدىكىن غەمگە پېتىپ، راھەت ـ پاراغىتىنى كۆرەلمەيدۇ ۋە ئازابلىنىدۇ. ھەسەتخورنىڭ جازاسى ئۆزى بىلەن بىللە دېگەندەك، نارازىلىقى ۋە ئۆز قىلمىشى تۈپەيلىدىن خان ئوردىسىدىن قوغلانغان مەلىكە، رەشك ۋە ھەسەتخورلۇق ئوتىدا كۆيۈپ، بىر يىل ئۆتمەي ۋاپات بولدى.

ھېچقاچان ۋە ھېچ بىر يەردە، بىر ئاشىق يۈرەك سۆزلىرىنى مەشۇقىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا تەرجىمان سالغان ئەمەس. خوش! شۇنداق ئىكەن، ئىپارخانغا ئاشىق ـ بىقارار بولۇپ قالغان تىلى، دىلى، دىنى باشقا چىن خاقانىمۇ ئىپارخانغا يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتىش ۋە ئۆز سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولغان.

چىن خاقانى ئىپارخاننى ئۆزىگە «ئۇيغۇر تىلى» ئۆگىتىشكە تەكلىپ قىلغان. چيەنلوڭ خان «ئۇيغۇر تىلى»نى شۇنداق ئىشتىياق بىلەن ئۆگەنگەنىدىكى، بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، چيەنلوڭ خان دەۋرىدە (1736 ـ 1796) چىن تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى بەش چوڭ مىللەت:

---

[1] خىتايچە «يىپەك يولى بويلاپ ساياھەت» دېگەن ژۇرنالنىڭ 1989 ـ يىل، 6 ـ سان، 307 ـ بېتىگە قارالسۇن.

[2] يۈقىرىدىكى ژۇرنالنىڭ 36 ـ بېتىگە قارالسۇن.

ختاي، مانجۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋە تىبەت تىللىرىدا بەش تىللىق لۇغەت تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن «ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلار»نى چيەنلوڭ خان ئۆز قولى بىلەن تەھرىرلىگەنىكەن. لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن مىللىي تىبابەتكە ئائىت ناھايىتى كۆپ ئاتالغۇلارنىڭ ئۆزىدىنلا بۇ لۇغەتنىڭ قانچىلىك ئەھمىيەتلىك بىر ئەسەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ[1].

ختايدا ھەر يىلى ئاي كالىندارى بويىچە 15 ـ يانۋار كۈنى «پانۇس بايرىمى» بولىدۇ. ھەربىر ختاي ئائىلىسى بۇ كۈنى ئۆيلىرىنى ھەرخىل پانۇسلار بىلەن بېزەپ كۈتۈۋالىدۇ. بۇ بايرام، خان ئوردىسىدىمۇ ناھايىتى چوڭ تەنتەنىلەر بىلەن ئۆتكۈزۈلەتتى. ھەركىم ئۆزى ياسىغان پانۇسقا ياخشى تىلەكلىرىنى يېزىپ، بىر ـ بىرىنى تەبرىكلىشەتتى.

ئىپارخان بېيجىڭغا بېرىپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن، يەنى 1763 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن «پانۇس بايرىمى»غا قاتنىشىدۇ. چيەنلوڭ خان ئۆزىنىڭ ئىپارخانغا بولغان ئىشقى ـ مۇھەببىتىنى بىلدۈرۈپ، بىر كوبلىت شېئىر يېزىلغان پانۇسنى تەقدىم قىلغانىدى. ئۇ يىلى، چيەنلوڭ خان 53 ياش، ئىپارخان بولسا 29 ياشتا ئىدى[2].

شۇ قېتىملىق سۆھبەتتە چيەنلوڭ خان ئىپارخانغا: «ھەممە خانلار ئۆز ھېسسىياتىنى ماڭا ئوخشاش قەغەزگە يېزىپ ئىپادىلەپ ئولتۇرمايدۇ. بىلىمەن، ئۇيغۇر خەلقىگە قارشى ياۋۇزلۇق قىلىپ، باسقۇنچىلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بارغانلىقىم ئۈچۈن سەن مېنى يامان كۆرىسەن. لېكىن مەن ساڭا بىرەر قېتىممۇ يامان سۆز ـ ھەرىكەتتە بولۇپ باقمىدىم» دەيدۇ.

ئىپارخان ئۇنىڭغا جاۋابەن: «ئەي چىن خاقانى! بۇ راھەت چىمەنزارى ئىچىدىن ئىشرەت گۈلىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن، بىزكى ياغى ـ دۈشمەنگىلار بولغان خەلق ئۈستىدىن زەپەر ـ نۇسرەت قازىنىپ، ۋەتىنىمىزنى قانغا بوياشتىن ئاۋۋال ئويلاپ، پىكىر يۈرگۈزۈلۈشى كېرەك ئىدى. سەنكى چىن خاقانى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئۇرۇش يولىنى تۇتۇپ، بۇ خەلقنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەمەس، بەلكى قان ئاققۇزدىڭ ۋە كۆز ياش دېڭىزىغا غەرق قىلدىڭ. مەن ئۆزەمنىڭ ئازاتلىق ۋە مۇستەقىللىقىدىن ئىبارەت بۈيۈك غايىلىرىمنى ئۆتكۈنچى مېھرى ـ مۇھەببەتكە تېگىشمەيمەن. نىيىتىڭنى دۇرۇس قىلىپ، غەزىپىڭنى سەبىر ـ تاقەت يۈگىنى بىلەن تارتقان بولساڭ، بۇنداق ئارتۇقچە تەشۋىشلەر بولمىغان بولاتتى. جەڭچى ئادالەت ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ. مېنىڭ تۇتقۇن ھاياتىمكى جەڭ مەيدانىم ـ دەل سېنىڭ خان سارىيىڭدۇر.

مەن ھۆسن ـ جامالىمنى بەخت ـ سائادىتىمنىڭ دەسمايىسى قىلىۋېلىپ، پەقەت ئۆز راھەت ـ پاراغىتىمنى ئويلاشنى ئۆز خەلقىمگە بولغان خىيانەت دەپ بىلىمەن. چۈنكى خەلقىم قۇللۇقتا ئازاب چېكىپ، مۇسىبەتتە ياشىسا، مەن ئۆزەمنى راھەت ـ پاراغەت قوينىغا ئاتالمايمەن. خاننىڭ ئوردىسىدىكى ئالتۇن قەپەزدە ياشىغاندىن، ئانا يۇرتۇمغا بېرىپ، ۋەيرانە كەپىدە ئولتۇرۇپ، يانتاق ئوتىدا سۇ قاينىتىپ، سۇنۇق ھېجىردا چاي ئىچكىنىم ۋە ئەركىن نەپەس ئېلىپ ياشىغىنىم مىڭ مەرتىۋە ئەلادۇر. ئانا يۇرتۇمغا قايتىپ، دەرۋىش سۈپەت خار ـ زار بولۇپ ياشىسامۇ، خەلقىمنىڭ دەردىگە دەرمان بولالىسام، ئۆزەمنى ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتىم.

---

[1] «ئۇيغۇر تىبابەت قامۇسى» 1 ـ توم 10 ـ بەت. شىنجاڭ سەھىيە نەشرىياتى، 1988 ـ يىل.

[2] ختايچە «يىپەك يولى بويلاپ ساياھەت» دېگەن ژورنالنىڭ 1989 ـ يىل، 6 ـ سان، 36 ـ بېتىگە قارالسۇن.

ئەي ياۋۇز، بەتبەشرە چىن خاقانى! مېنىڭ نازۇك دىلىمنى رەنجىتىپ، ئىززەت - نەپسىمگە تېگىشكە ئۇرۇنماقتاسەن. ماڭا ۋە خەلقىمگە قۇللۇق ۋە خارلىقنى راۋا كۆرۈپ، ئارىمىزدا شۇنداق چوڭ گۇناھ ۋە ئاداۋەت پەيدا قىلدىڭكى، بۇ ئاداۋەت ئەسىرلەر ئۆتسىمۇ توگەپ كەتمەيدۇ. بۇ پىتنە - پاسات ۋە ئاداۋەت ئوتىنى ئىككى دەريا — تارىم ۋە خۇاڭخې دەرياسىمۇ ئۆچۈرەلمەيدۇ.

مانا بەش يىلدىن بېرى راھەت - پاراغەت ئىچىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىدىن زامان ئايىندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەخت - ئامەتمۇ قاچتى. بۇ قانداق يۇرت بولدىكى، ئەل نەزىرىدىن يىراق، دىلىمىز سۇنۇق، ئېلىمىز ۋەيرانە، يۈرىكىمىزدە ئەلەم، غۇرۇرىمىز زۇلۇم - زۇلمەتتىن پۈكۈلۈپ، قەددىمىز يادەك ئېگىلدى. ھالىمىزدىن خەۋەر ئېلىپ، دەرد - پەريادىمىزنى پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە جار سېلىپ ئۇقتۇرىدىغان ھېچكىمىمىزمۇ يوق. بۇ يورۇق دۇنيادا زەررىچە ئادالەت بارمۇ - يوق؟!

بىر مۆجىزە يۈز بېرىپ، بەختى قارا ئايالنىڭ ئاچچىق ئازابتىن بىردىنلا قۇتۇلۇپ قالغىنىغا ئوخشاش، ئۈمىد يۇلتۇزلىرى بارغانسېرى ئۆچۈپ كېتىۋاتماقتا. بەختىمگە قارشى تۈرلۈك تەقدىر ئويۇنلىرى مېنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىمنى ئېلىپ چارچاتتى. مانا مەن ھايات لەززەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، بۇ ھايات بىلەن ۋىدالىششقا تەييار تۇرۇپتىمەن!» دېدى.

ئىپارخاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان چيەنلوڭ خان ئۆز - ئۆزىگە: «بۇ يورۇق دۇنيادا، ئىشقى - مۇھەببەت ئالدىدا شاھ ۋە گاداي بىردەك ئىكەن. ئۇ بۇ يولدا ھېچكىمگە زەررىچە شەپقەت قىلمىدى. بۇ بەختى قارا تەقدىر ئويۇنلىرى ھېچكىمگە نېمىنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر بېرەلمەيدىكەن. بۇ سەھرائى دالا پەرىسى كېلىپ، ۋاقتى خۇشلۇق بىلەن ئۆتكەن ئۆمرۈمنىڭ قالغىنىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ تاشلاپ، بۇ ياۋايىلار يۇرتىغا قىلغان زەپەرلىك يۈرۈشلىرىم ئۆز - ئۆزەمنى تەقىپ قىلماقتا ھەم ئۆز ئىختىيارىمنى قولۇمدىن ئېلىپ، رەڭگى - روھىم شەپقەتسىز، بىرەھىم ھايات ئويۇنلىرى دەشتى - دالاغا ئاتقان ئالمىدەك كۈندىن - كۈنگە سولۇشۇپ كېتىۋاتماقتا.

بۇ ئىشقى - مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈپ، تىنك تۇرغۇدەك ماغدۇرۇم قالمىدى. بىر زامانلار ‹مەلىكۇل مەشرىق› خاقان ئىدىم، مانا ئەمدى ناتىۋان سەۋدائىيغا ئايلىنىپ قالدىم. بۇ ئىشقى - مۇھەببەت تېغى مېنى تىرىكلا كۆمۈپ تاشلىدى» دەپ پىچىرلىدى.

## ئىپارخان ھەققىدە كىملەر نېمىلەرنى يازدى؟

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدىن: «چىڭ سۇلالىسى تارىخى تەزكىرىسى»، «چىڭ سۇلالىسى تارىخى»، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» ۋە «چىڭ سۇلالىسىدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تەرجىمھالى» قاتارلىق مەنبەلەردە چىن خاقانىنىڭ ئىشقى - مۇھەببىتىگە قارشى، ئىپارخاننىڭ خاقانغا بولغان غەزەپ - نەپرىتى ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلگەن.

ئۇندىن باشقا، خىتايلارنىڭ تارىخچى ئالىملىرى، يازغۇچى ۋە دراماتورگلىرى تۈرلۈك تارىخىي ھۆججەت ۋە ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، ئەپسانىگە ئايلانغان بۇ «ئىشقى - مۇھەببەت ۋە نەپرەت» رىۋايىتى ھەققىدە ماقالە، دراما ۋە قەسىدىلەر يازدى.

خىتاي يازغۇچىلىرىدىن يۈشەنفۇ ئۆزىنىڭ: «ئىپارخان ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدا، 1950 - 1951 - يىللىرى بېيجىڭ تىياتىرلىرىدا «ئىپارخاننىڭ غەزىپى» ناملىق سەھنە ئەسىرى ئوينالغانلىقىنى، بۇ ئەسەردە ئىپارخاننىڭ چيەنلوڭغا باش ئەگمەي، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆز

ئېرى ۋە خەلقىگە بولغان ساداقىتىنى ساقلاپ قالغان، جەسۇر ۋە ئېپپەتلىك ئايال سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەنلىكىنى يازغان[1].

بېيجىڭدا ئوينالغان «ئىپارخان» ناملىق باشقا بىر سەھنە ئەسىرىدە، ئىپارخاننىڭ تۇتقۇن قىلىنىپ، بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىلغانلىقى، چىن خاقانى چيەنلوڭنىڭ ئۇنىڭغا تۈرلۈك ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ، ئۆز نىكاھىغا ئالماقچى بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن قەشقەردىن بېيجىڭغا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى كۆچۈرۈپ كەتكەنلىكىنى، ھەتتا بېيجىڭدا ‹ئۇيغۇر مەھەللىسى› قۇرۇپ، مەسجىد سېلىپ بەرگەنلىكىنى، شۇنداقتىمۇ، ئىپارخاننىڭ: «چىن خاقانىغا خوتۇن (خانىش) بولمايمەن» دەپ، قەشقەردىن كەلتۈرۈلگەن تۇپراق ئۈستىدە ئۆز كۆكرىكىگە خەنجەر ئۇرۇپ ئۆلۈۋالغانلىقى تەسۋىرلىنىش بىلەن بىرگە، سەھنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۆرۈنۈشىدە ئۆز ۋەتىنى ۋە ئېرىگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتى ۋە ساداقىتى ئىپادىلەنگەن مۇنداق بىر پارچە شېئىر ئوقۇلىدۇ:

ھىلە بىلەن چيەنلوڭ خان قىلدى ئېرىمدىن جۇدا،
شۆھرىتى چوڭ بولسىمۇ، بولماسمەن ئاڭا (ئۇنىڭغا) خوتۇن.
سۆيىمەن يەھيا خوجىنى، كېرەك ئەمەس (ماڭا) شاھ شەپقىتى،
ئوردا قەسىر قەپەز ماڭا، ئوغىدۇر ئاش ـ نېئمىتى.
چىقسام قەپەزدىن قۇتۇلۇپ، كەتسەم يۇرتۇمغا ئۇچۇپ،
مىڭ رازىمەن ئۆلۈپ كەتسەم، ۋەتەن تۇپراقىنى قۇچۇپ[2].

ئۇيغۇر قىزى ئىپارخاننىڭ گۈزەللىكى، شەرمى ـ ھايالىق لاتاپىتى پەقەت چيەنلوڭ خاننىڭ ئىشقى ـ مۇھەببىتىنى ئويغىتىپلا قالماي، پۈتۈن خىتاي خەلقىنىمۇ ئۆزىگە مەپتۇن قىلدى ۋە ھاياجانغا سالدى.

خىتاي شائىرلىرى بۇ ئۇيغۇر قىزى ھەققىدە قەسىدىلەر توقۇپ، شېئىرلار يازدى. ئۇنىڭ گۈزەل قەددى ـ قامىتى ۋە جاسارىتىنى كۆكلەرگە كۆتۈرۈپ مەدھىيىلەپ، «ئۇيغۇر ۋەتەنپەرۋەلىكى»نىڭ ئەڭ يۈكسەك چوققىسى دەپ باھا بېرىشتى.

لېكىن كېيىنكى يىللاردا يېزىلغان ناھايىتى كۆپ تارىخىي ئەسەرلەردە، ئىپارخان ھەققىدىكى ۋەقەلىكلەر ساختىلاشتۇرۇلۇپ: «1757 ـ يىلى ئاقا ـ ئۇكا خوجىلار چىن خاقانىغا قارشى ئۇرۇش قىلغان ۋاقىتتا، ئىپارخاننىڭ ئاكىسى تۇردى خوجا بۇ ئاكا ـ ئۇكا خوجىلارغا قوشۇلماي، پۈتۈن ئائىلىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن (شۇ جۈملىدىن ئىپارخانىمۇ ئېلىپ) تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ئىلى شەھىرىگە كۆچۈپ كەتكەن. 1758 ـ يىلى، چىن خاقانى قوشۇنى ئاكا ـ ئۇكا خوجىلارغا قارشى كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش باشلىغاندا، تۇردى خوجا ۋە پۈتۈن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى چىن قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ، ئاكا ـ ئۇكا خوجىلارغا قارشى ئۇرۇشۇپ، چىن قوشۇنلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا ناھايىتى چوڭ تۆھپە قوشقان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، 1760 ـ يىلى ئۇرۇش تۈگىگەندە ئۇلارنى (جۈملىدىن ئىپارخانىمۇ) بېيجىڭغا تەكلىپ قىلىپ، تۇردى خوجىغا نۇرغۇن مال ـ بايلىق بىلەن بىرگە «چىن گۇگوڭ» (يەنى دۆلەتنى تىنچلاندۇرۇشتا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن جاناب) دېگەن پەخرى ئۇنۋان ۋە مەنسەپ بىلەن مۇكاپاتلىغان. شۇندىن كېيىن، تۇردى خوجا ئۆز سىڭلىسى

[1] «ئىپارخان» ناملىق ماقالىلار توپلىمى 1989 ـ يىل. 17 ـ بەت.

[2] «ئىپارخان» ناملىق ماقالىلار توپلىمى 1989 ـ يىل. 369 ـ 438 ـ بەتلەر.

ئىپارخاننى چىيەنلوڭغا تارتۇق قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقى بىلەن چىن خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ۋە قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلىكىنى قوغداشتا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان» دەپ جۆيلۈشمەكتە[1].

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەزەلدىن تارىخنى بۇرمىلاپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەقسەتلىرى يولىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئۇرۇنغان چىن تارىخچىلىرىنىڭ تارىخنى بۇرمىلاش ۋە نەيرەڭۋازلىق قىلىشىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس.

ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق چۈشەنمىگەن ۋە ئۆزىنىڭ سىياسىي مەقسەتلىرى ئۈچۈن تارىخنى خالىغانچە بۇرمىلاش مۇمكىن دەپ ئويلايدىغان چىن تارىخچىلىرى بۇ توقۇلما، يالغان، ساختىلاشتۇرۇلغان تارىخى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھەر تەرەپتىن ساۋاتسىز ئىكەنلىكىنى تولۇق ئاشكارىلاپ قويماقتا. چۈنكى، بىرىنچىدىن: بۇ خوجىلارنىڭ دىنىي ئېتىقادلىرى مۇستەھكەم بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ بىلىدۇ. دىنىي ئىسلام شەرىئەت قانۇنى بىلەن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئىسلام دىنىدا بولمىغان، مۇشرىك بىر ئەرگە ياتلىق بولۇشى قەتئىي مەنئى قىلىنغاندۇر. ئىككىنچىدىن: خوجىلار قىزلىرىنى كاپىرلار ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزى مۇسۇلمان لېكىن خوجا ئەۋلادى بولمىغان، ئاددىي پۇقرالارغىمۇ ياتلىق قىلمايتتى.

چىن تارىخچىلىرى دىنىي ساۋاتىنىڭ يوقلۇقىغا قارىماي تارىخ يېزىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ تارىخنى قەستەن بۇرمىلىغانلىقىنى پاش قىلىپ قويدى.

تالانتلىق ئۇيغۇر يازغۇچىسى ۋە دراماتورگى زىيا سەمەدى ئىپارخاننىڭ مىللىي ئازادلىق يولىدا ئېلىپ بارغان جەڭگىۋار پائالىيىتىنى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ بەرگەن بولسا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېقىن دوستى، مەشھۇر قازاق يازغۇچىسى، ئاكادېمىك سابىت مۇقانوۋمۇ «ئىپارخان» ناملىق پوئېمىسىنى يېزىپ قالدۇرغان.

ئۆزىنى «ئىپارخاننىڭ ئەۋلادى» دەپ قارايدىغان، تۈرك خەلقىنىڭ بۈيۈك دراماتورگى پاتىمە مۇزەپپەر قايا خانىم تۈرك خەلقىنىڭ ئېپتىخارى بولغان ئىپارخان ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىپ، ئۆزىنىڭ «دىلشات خاتۇن» ناملىق ئىككى قىسىملىق تىراكدىيىسىنى يېزىپ چىققان.

پاتىمە مۇزەپپەر قايا خانىم ئىپارخاننى دۈشمەنلەرگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان مىللىي ئازادلىق جېڭىدە ئەسىر چۈشۈپ، بېيجىڭغا ئېلىپ كېتىلگەن، ۋەتەن مۇستەقىللىقى ئۈچۈن جەڭگە ئاتلانغان، ئازادلىق ۋە مۇستەقىللىقنىڭ بۈيۈك جەڭچىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ دراممىسىنى ئىپارخاننىڭ ئۆز ئەۋلادلىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ ئېيتقان تۆۋەندىكى يالقۇنلۇق سۆزلىرى ۋە جەڭگىۋار چاقىرىقلىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان: «ئەي قەھرىمان ئەۋلادىم! غەپلەتتە ياتما! تەڭرى ئاتا قىلغان، لېكىن باسقۇنچىلار بېسىۋالغان بۇ مۇقەددەس، پايانسىز تۇپراق سېنىڭدۇر. ئاللاھ ھەر بىر مىللەتنى ياراتقانىكەن، ئۇنىڭ ياشىشى ئۈچۈن يەر - زېمىن ۋە باشقا ئىمكانىيەتلەرنىمۇ بەرگەن. ئاللاھ ئىنسانلارنى تەڭ، باپ - باراۋەر قىلىپ ياراتقان. سېنىڭ يات، ياغى دۈشمەنلىرىڭنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا ياشىشىڭ ھەققانىيلىق ئەمەس. تۇر ئورنۇڭدىن! بىزلەرقان بېرىپ ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان ئىشلار سېنىڭ بوينۇڭغا ‹ئامانەت› تۇر!»

[1] بۇ ھەقتە «ئىپارخان» ناملىق ماقالىلار توپلىمىنىڭ 20 - 35، 55، 66، 86، 87، 94، 95، 96، 106، 107، 114، 115، 125، 129، 140، 141، 149، 150، 210، 277 ۋە 279 - بەتلىرىگە قارالسۇن.

دوختور شامىل ھاجى ئالماسبېكوۋ ئۆزىنىڭ: «جاھاندا تەڭدىشى يوق گۈزەل» ناملىق ئەسىرىدە ئىپارخاننىڭ ئۆز بەدىنىدىن خۇشپۇراق تارقىتىپ تۇرۇشىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «... مەلۇمكى، ئىنسان ۋۇجۇدىدا تەر ۋە ياغ ئىشلەپچىقىرىدىغان بەزلەر مەۋجۇت بولۇپ، بۇ بەزلەر ھەردائىم تەر ۋە ياغ ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق، ئىنسان تېرىسىنى ھۆللەيدۇ ۋە سىلىقلاشتۇرىدۇ. ئەمما ئىنسان بەدىنىدىن ئاجرىلىپ چىققان بۇ سۇيۇقلۇق ھېچقاچان خۇشپۇراق تارقاتمايدۇ، ئەكسىچە بەدبۇي بولىدۇ. لېكىن ئىپارخاننىڭ بەدىنىدىن ھەمىشە خۇشپۇراقلىق ئىپار ھىدى تارقىلىپ تۇرۇشى ئاللاھنىڭ ئىپارخانغا ئاتا قىلغان مۆجىزىسى بولۇپ، بۇنداق خۇشپۇراق پەقەت پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلىنغانىدى[1].»

ئۇيغۇر شائىرى ئابدۇغوپۇر قۇتلۇق ئۆزىنىڭ: «قەشقەر گۈزىلى» ناملىق شېئىرىي بالладىسىنى ئىپارخانغا ۋە ئۇنىڭ جاسارىتىگە بېغىشلىغان بولۇپ، شائىر:

چىيەنلۇڭ خان قان تۆككەن زامان،
ئۇيغۇرىستان بولدى «گۆرىستان».
ئازاتلىق ئۈچۈن ئەرەنچە كىيىنىپ،
شەمشەر تۇتۇپ چىقتى بۇ چوكان.
جاللات بىلەن دۇچ كەلسە چاناپ،
كىرپىكى ئوق، قاشلىرى كامان.
قىساس قولىغا تۇتقۇزغان قىلىچ،
ئاڭا دەرمان بولغانتى ھامان.
قارشىسىدا كۆرۈپ بىر ھىلال،
تاڭ قالغانىدى باتۇرلىقىغا،
گۈل ھۆسنىدىن بولۇپ ئەقلى لال،
كىم بولاتتى بۇ، ئاشۇ ئايال؟!

دېيىش ئارقىلىق، تەقدىرىگە تەن بەرمىگەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئاچچىق قىسمىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ تۇتقۇنلۇقتا ئازاپتىن باشقا ھېچقانداق رۇشەنلىق كۆرمىگەن، پۈتۈن ئۆمرى جاسارەت، غورۇر، مۇھەببەت ـ نەپرەت بىلەن تولغان ھاياتىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن.

## ئىپارخاننىڭ رەسمى ھەققىدە

بېيجىڭدىكى خان سارايغا ئىپارخاننىڭ رەسمى ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ، بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ رەسىمنى چىن خاقانى چىيەنلۇڭ ئىپارخان ئەسىرگە چۈشۈپ، بېيجىڭغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، سارايدىكى ياۋروپالىق بىر رەسسامغا سىزدۇرۇپ، سارايغا ئېسىپ قويغانىكەن.

[1] «ئىتتىپاق گېزىتى» 2003 ـ يىل فېۋرال سانى، بىشكەك.

بۇ رەسىم 1911 ـ يىلى، چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ، ئورنىغا خىتاي جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان ۋاقىتلاردىمۇ ساراي ئىچىنى بېزەپ تۇرغان بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى سارايدىكى رەسىمنى كۆرگەن بىر خىتاي شائىرى رەسىمگە بېغىشلاپ مۇنداق بىر شېئىر يازغان:

ھۆر، گۈزەل جانان تۇرار شەمشەر ئېسىپ ھەيۋە بىلەن،
سېغىنىپ ئۆز يۇرتىنى چەكسىز مېھرى ـ شەپقەت بىلەن.
تۆكتى قان شۇ قىز ئۈچۈن خاقان قىرىپ يۇقرانى كۆپ،
سۇرگىلى كەيپى ـ ساپا، ئىشرەت بىلەن، شەھۋەت بىلەن.
تەلپۈنەر راۋاقتا قىز ئۆز يۇرتىغا غەمكىن بېقىپ،
كىيمى قانغا بويالغان يىغلىغاچ ھەسرەت بىلەن.
قاخشىتىپ ئەپكەلدى خان، شۇ قىزنى خان دىيارىغا،
«تەڭرىتاغ» قالغان غەزەپتە بوغۇلۇپ نەپرەت بىلەن[1].

بۇ رەسىمنى سىزغان رەسسام رومبرانت ئەسلىدە پورتىگالىيىلىك بولۇپ، ئۇ ئىمپېراتور كاڭشى خان (1662 ـ 1723) دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى كاتولىك دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن خىتايغا كەلگەنىدى. ئۇ خىتايدا دىن تارقىتىش بىلەن بىرگە، رەسساملىق، نەققاشلىق ۋە ئاسترونومىيە ئىلمى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، 1767 ـ يىلى بېيجىڭدا ۋاپات بولغان.

ئۇ ئىپارخاننىڭ رەسىمنى شۇ دەۋرلەردە ياۋروپادا راۋاج تاپقان رېئالىستىك ئۇسلۇبتا سىزغان بولۇپ، ئىپارخاننىڭ بۇ رەسىمى ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە سىزغان رەسىملىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

رەسىمدە ئىپارخاننىڭ بېشىغا دۇبۇلغا، ئۇچىسىغا ساۋۇت كىيگۈزۈلگەن بولۇپ، ئىپارخاننىڭ ئالىپ ـ پالۋانلارغا خاس جەسۇرلۇقى بىلە بىرگە گۈزەللىكىمۇ ئالاھىدە نامايەن قىلىنغانىدى.

ئىپارخاننىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەن يەنە بىر پارچە رەسىممۇ ھەربىي رېئالىستىك ئۇسلۇبتا سىزىلغان بولۇپ، خىتاي تارىخچىلىرى: «بۇ رەسىمنى بېيجىڭدىكى خان سارىيىدا ئىشلىگەن ۋە ئىپارخاننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىتالىيىلىك رەسسام ج. گاستىلئون سىزغان» دەپ قارىماقتا.

ئۈرۈمچىدىكى تارىخىي مۇزېينىڭ سابىق دىرېكتورى، مەرھۇم يۇسۇپبېك مۇخلىسوۋ:

«بەزى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ رەسسام پەقەت ئىپارخاننىڭ رەسىمنىلا سىزىپ قالماي، بەلكى چىن خاقانىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋېلىش جەريانى تەسۋىرلەنگەن 19 پارچە رەسىم سىزغان. بۇ رەسىملەر 1765 ـ يىلى پارىژدىكى تاش باسمىخانىدا بېسىلغان بولۇپ، ئۇ رەسىملەر توپلىمى ھازىر ئۈرۈمچىدىكى تارىخىي مۇزېيدا ساقلانماقتا» دەپ يازىدۇ. چىيەنلۇڭ خاننىڭ بىر شېئىرىدا: «ئۇ (گاستىلئون ـ لئون) 30 پارچە رەسىم سىزغان» دەپ يازغان بولۇپ، بۇ مەرھۇم يۇسۇپبېك مۇخلىسوۋنىڭ[2] پىكرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. «بۇ رەسىملەرنىڭ ئىچىدە ئىپارخاننىڭ بېشىغا دۇبۇلغا، ئۇچىسىغا ساۋۇت كىيگەن رېئالىستىك ئۇسلۇبتىكى رەسىمدىن باشقا، غەربىي ياۋروپا ئۇسلۇبىدا يوپكا كىيگەن ھالدا تەسۋىرلەنگەن رەسىمى ۋە مانجۇ كىيىمى كىيىپ، چىن خاقانى چىيەنلۇڭ بىلەن شىكارغا چىققان (ئات ئۈستىدىكى) رەسىملىرىمۇ بار[3].»

---

[1] «ئىپارخان» ناملىق ماقالىلار توپلىمى 200 ـ بەت.

[2] «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىنىڭ 1928 ـ يىل 8 ـ ئاۋغۇست سانىدىكى «ئىپارخان» ناملىق ماقالىگە قارالسۇن.

[3] «ئىپەك يولى بويلاپ ساياھەت» ژورنىلىنىڭ 6 ـ سانى، 36 ـ 37 ـ بەتلەر.

خىتاي تارىخچىسى يۈشەنپۇ ۋە باشقىلار ئىپارخان ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرىدە، ئىپارخاننىڭ رەسمىنى سىزغان رەسسامنىڭ ئىسمىنى «لاڭ شى نىڭ» دەپ يازغان بولسىمۇ، تەرجىمانلار نېمە ئۈچۈندۇر «رومبرانت» دەپ تەرجىمە قىلغان. لېكىن، بىز ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇنى «رومبرانت» ئەمەس، بەلكى «گاستىلىئون» ياكى ئاددىي قىلىپ «لىئون» دەپ يېزىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى خىتاي مەنبەلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، كاڭشى خانىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە خىتايغا كېلىپ، چيەنلوڭ خان دەۋرىدە خان ئوردىسىدا ئىشلىگەن رەسسام گاستىلىئوندۇر. بۇ رەسسامنى پورتىگالىيىلىك ياكى ئىتالىيىلىك دېگۈچىلەرمۇ، ئۇنىڭ ئىسمىنى خىتاي تەلەپپۇزىدا بىردەك «لاڭ شى نىڭ» دەپ يازغان بولۇپ، دېمەك، ئۇ ئىككى ئەمەس، بەلكى بىرلا رەسسام ئىدى ۋە ئۇ پورتىگالىيەدىن ئەمەس، ئىتالىيەدىن كەلگەنىدى.

ئەخمەت ئىگەمبەردى: «20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا، ئەنگلىيەدە رەسمىي زىيارەتتە بولغان خىتاي باش مىنىستىرى جۇئېنلەي شۇ دەۋردىكى ئەنگلىيە باش مىنىستىرى «ئېدىن» دىن 1904 ـ يىلى ئەنگلىيەلىكلەر بېيجىڭدىن ئولجا ئېلىپ كەتكەن ئىككى نەرسىنى: بىرى، ئىپارخاننىڭ ئىتالىيەلىك رەسسام لىئون تەرىپىدىن سىزىلغان رەسمى، يەنە بىرى، تەيپىڭ تيەنگونىڭ دۆلەت بايرىقىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تەيپىڭ تيەنگونىڭ دۆلەت بايرىقىنى قايتۇرۇپ بەرگەن بولسىمۇ، ئىپارخاننىڭ موزېيلارنىڭ بىرىدە ساقلىنىۋاتقان رەسمىنىڭ كوپىيەسىنى بەرگەنىدى» دەپ يازىدۇ[1].

دېمەك، يۇسۇپبېك مۇخلىسوۋ ۋە ئەخمەت ئىگەمبەردىلەر ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىتالىيىلىك رەسسامنىڭ ئىسمىنى «رومبرانت» ئەمەس، بەلكى «گاستىلىئون» ياكى «لىئون» دەپ يازغان.

ئىپارخاننىڭ گۈزەل لاتاپىتى ۋە گۈلدىنمۇ نەپىس چىرايىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان خىتاي رەسساملىرى ئىپارخاننىڭ سىزىلغان رەسمى ئاساسىدا كوپىيەسىنى (كۆچۈرۈلمە نۇسخا) سىزغان بولۇپ، بۇ رەسىملەردە ئىپارخاننىڭ ئۇيغۇرلارغا خاس چىرايى ۋە گۈزەل لاتاپىتى يوقىلىپ، يۈز قۇرۇلمىسى مانجۇ ياكى خىتايلارغا ئوخشىتىپ قويۇلغان.

ئاتاقلىق ئۇيغۇر رەسسامى ئابدۇلخالىق ئۆمەرۇپ 1957 ـ يىلى، مانجۇ ـ خىتاي چىراي قىلىپ سىزىلغان شۇ رەسىملەردىن پايدىلىنىپ، ئىپارخاننىڭ رەسمىنى ھەقىقىي ئۇيغۇر چىرايىدا قايتىدىن سىزىپ چىققانىدى.

1980 ـ يىلى ئالمۇتادىكى ئاتاقلىق ئۇيغۇر رەسسامى يۇسۇپجان تۇردىيېۋ يۇقىرىدىكى بىر قانچە نۇسخىدىن پايدىلىنىپ، زوھۇرپوش (رېتسار) قىياپىتىدىكى ئالىپ قامەتلىك، گۈزەل لاتاپەتلىك، شەرمى ـ ھايالىق ئۇيغۇر قىزىنىڭ ئوبرازىنى ماھىرلىق بىلەن ياراتقان بولۇپ، بۇ رەسىم ئالمۇتادا ناھايىتى كۆپ نۇسخىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. مۇقاۋىدا، ئىپارخاننىڭ ئەشۇ رەسمىنى كۆرۈپ تۇرۇۋپسىز.

## ئىپارخان قاچان ۋاپات بولغان ۋە قەيەرگە دەپنە قىلىنغان؟

[1] «شەرقىي تۈركىستان ـ ۋەتىنىم مېنىڭ!» ئەخمەت ئىگەمبەردى. ‹شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى› نەشرىياتى 2004 ـ يىل ئىستانبۇل 171 ـ بەت.

ئىپارخاننىڭ قاچان، قەيەردە ۋاپات بولغانلىقى ۋە قەيەرگە دەپنە قىلىنغانلىقى ھەققىدە تۈرلۈك پىكىر ـ مۇلاھىزىلەر بار.

ختاي تارىخچىسى يۈشەنفۇ بېيجىڭدىكى خان سارىيى ئارخىپلىرىدىن پايدىلىنىپ يازغان «ئىپارخانغا دائىر ماتېرىياللار» ناملىق ئەسىرىدە: «ئىپارخان 1760 ـ يىلى 4 ـ فېۋرالدا بېيجىڭ خان سارىيىغا ئېلىپ كېلىنگەن بولۇپ، 1789 ـ يىلىنىڭ 19 ـ ئاپرىل كۈنى ۋاپات بولغان. ئۇ خان سارىيىدا 28 يىل ياشىغان» دەپ يازغان[1].

ختاي تارىخچىسى ۋاڭ ياچېن: «ئىپارخاننىڭ سىزما رەسمى» ياكى «ئىپارخان ۋە رومبرانت» دېگەن ئەسرىدە: «ئىپارخان ئۆزىنىڭ ھەردائىم يەڭ ئىچىدە خەنجەر يوشۇرۇپ يۈرىدىغانلىقىنى چىن خاقانىغا مەلۇم قىلغان. چيەنلوڭ خان ئوردىدىكى ئىناۋەتلىك ساراي خىزمەتچىلىرى ئارقىلىق، ئىپارخاننىڭ ئۆز يېنىدا خەنجەر ئېلىپ يۈرۈشىنىڭ ياخشىلىقتىن بېشارەت بەرمەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ تۈرلۈك يامان نىيەتلەردىن ۋاز كېچىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ نەسىھەت قىلغاندا، ئىپارخان: «بۇ ئاچكۆز، يەر ـ زېمىن ۋە مال ـ بايلىققا تويمايدىغان چىن خاقانى مېنىڭ ئانا يۇرتۇمنى خانىۋەيران قىلىپ، خەلقىمگە جەبرى ـ زۇلۇم يەتكۈزدى. مېنى ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداش، بالا ـ چاقا ۋە ئېرىمدىن ئايرىدى. مېنىڭ بىردىنبىر تىلەيدىغىنىم شۇكى، چىن خاقانىنى ئۆلتۈرۈپ، ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوقتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنداق بولسىمۇ، چىن خاقانى ئۇنىڭغا بولغان ئىشقى ـ مۇھەببىتىدىن ئۇنىڭ (ئىپارخاننىڭ) ئۆزىگە خاس مەخسۇس خانىسىگە بىمالال كىرىپ ـ چىقىشىغا شەرت ـ شارائىت يارىتىپ بەرگەن. لېكىن ئىپارخان يەنىلا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان[2].» دەپ يازىدۇ.

1960 ـ يىلى ياپونىيەدە نەشر قىلىنغان: «ئاسىيا تارىخىدىكى مۇھىم ۋەقەلەر» ناملىق تارىخي لۇغەتنىڭ 3 ـ توم 298 ـ بېتىگە بېرىلگەن، ياپون تارىخچىسى جۇڭشەنبالاڭ يازغان: «ئىپارخان» ناملىق ماقالىدا: «ئىپارخان — ختايدىكى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان ئۇيغۇر قەبىلە باشلىقىنىڭ مەلىكىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بەدىنىدىن خۇشپۇراق چىقىپ تۇرغاچقا ‹ئىپارخان› دەپ ئاتالغان.

ئىپارخان 1759 ـ يىلى، ئاكا ـ ئۇكا خوجىلار قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەسىرگە چۈشۈپ بېيجىڭغا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ چىن خاقانىنىڭ تۈرلۈك ئالدامچىلىق، ھىلە ـ مىكىر ۋە دوق ـ پوپوزىلىرىغا قارىماي، ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ھېچ باش ئەگمىگەن.

بۇنىدىن خەۋەر تاپقان خاننىڭ ئانىسى ئوغلىغا: "ئەسىرەڭنىڭ نىيىتى يامان، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك. مۇبادا ئۆلتۈرۈشكە كۆڭلۈڭ ئۇنىمىسا، ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇۋەتكىن!" دېگەن بولسىمۇ، ئوغلى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئېتىبار بەرمەي، ئىپارخاننى داۋاملىق سارايدا تۇتۇپ تۇرغان. ئۇنىڭ ئىشىغا نارازى بولغان خاننىڭ ئانىسى ئىپارخاننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن» دەپ يېزىلغان.

باشقا مەنبەلەردە: «ئىپارخان ئوردىغا كېلىشتىن بۇرۇن، چيەنلوڭ خان ختاينىڭ جەنۇبىدىكى چېڭجو دېگەن شەھەرگە بارغاندا، ئۇ يەردە شىڭئېر ئىسىملىك ناھايىتى گۈزەل ساھىبجامال بىر قىزنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئوردىغا كەلتۈرۈپ، كۆپ مېھرى ـ شەپقەت كۆرسەتتى. "ئاق

[1] «ئىپارخان» ناملىق ماقالىلار توپلىمى 1989 ـ يىل 171 ـ بەت.
[2] «ئىپارخان» ناملىق ماقالىلار توپلىمى 1989 ـ يىل 174 ـ بەت.

مەلىكە" دەپ ئاتالغان بۇ قىز خاننىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مەلىكىلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالغان.

لېكىن ئىپارخان ئوردىغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئاشىق بولغان چىن خاقانىنىڭ خۇددى كېپىنەكتەك ئۇنىڭ ئەتراپىدىلا چۆرگىلەپ يۈرۈشىنى كۆرۈپ، رەشىك ئوتىغا چۈشكەن "ئاق مەلىكە" خان ئانىسىغا ئەرز قىلىپ بارغان. خان ئانىسى ئىپارخاننى چىيەنلوڭدىن يوشۇرۇپ، ئادەم ئەۋەتىپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن» دەپ يېزىلغان.

جىن شۇخو: «چىن خاقانى ۋە ئۇنىڭ خانىشلىرى» ناملىق ئەسىرىدە: «ئىپارخاننىڭ ئۆلۈمىدىن قايغۇ ـ ھەسرەتكە تولغان خان، ئىپارخاننىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغان "ئاق مەلىكە"نى خان ئوردىسىدىن قوغلاپ چىقارغان[1].» دەپ يازغان.

ئىپارخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، جەسىدىنىڭ قەيەرگە دەپنە قىلىنغانلىقى ھەققىدىمۇ ناھايىتى كۆپ تالاش ـ تارتىش ۋە بەس ـ مۇنازىرىلەر مەۋجۇت.

ختاي تارىخچى ۋە يازغۇچىلىرى: «ئىپارخان بېيجىڭغا يېقىن زۇنخۇا دېگەن يەردىكى چىڭ سۇلالىسىگە خاس "شەرقىي قەبرىستانلىق" قا دەپنە قىلىنغان. چۈنكى بۇ يەردە ئېچىلىپ قالغان (ئەسلىدە ئوغرىلانغان) بىر قەبرە ئىچىدىن ئالتۇن ھەل بىلەن قۇرئان يېزىقى يېزىلغان تاۋۇت تېپىلغان بولۇپ، بۇ ئىپارخاننىڭ قەبرىسىدۇر» دەپ يېزىشماقتا[2].

مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر تارىخچى ئالىملىرى ۋە زىيالىلىرى: «ئىپارخاننىڭ قەبرىسى قەشقەر شەھرىنىڭ تۆشۈك دەرۋازىسى سىرتىدىكى "قوغان" غا جايلاشقان ئاپپاق خوجا مازىرى ئىچىگە قويۇلغان» دەپ قارىماقتا.

1957 ـ يىلى قەشقەردە ئىلمي ئېكسپېدىتسىيە ئېلىپ بېرىپ، ئىپارخان ۋە ئۇنىڭ مەقبەرىسى ئۈستىدە تەتقىقات يۈرگۈزگەن تارىخچى ئالىم يۇسۇپبېك مۇخلىسوۋ ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى زىيالىلار (جۈملىدىن ئۇيغۇر تارىخى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ياخشى بىلىدىغان، ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ شەيخى ۋە مۇتەۋەللىسى مۇھەممەد ئىمىن ھاجى) بىلەن ئىپارخان ۋە ئۇنىڭ قەبرىسى ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ بارغان. يۇسۇپبېك مۇخلىسوۋ مۇھەممەد ئىمىن ھاجى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭدىن ئىپارخان قەبرى ھەققىدە سورىغاندا: «ئول زاتى پاك، قەلبى پاك، ۋىجدانى پاك ئۇيغۇر قىزى، چىن خاقانىنىڭ ئۆزىگە قىلغان شۇنچە ئىشقى ـ مۇھەببەت ۋە مېھرى ـ شەپقىتىگە قارىماي، چىيەنلوڭ خانغا ئىلتىماس قىلىپ قەشقەردىن بىر تاغار تۇپراق كەلتۈرگەن ۋە تۇپراقنى خاس ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ، ئۇ مۇقەددەس ئانا تۇپراق ئۈستىدە ئۆز يۈرىكىگە خەنجەر ئۇرۇپ، بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقان.

ئىپارخان ئەڭ ئاخىرقى نەپسىگىچە ئۆز دۈشمەنلىرىگە بويۇن ئەگمەي، مەرتلەرچە ئۆلۈشنى راۋا كۆرگەن ۋە ئۆز خەلقى، ۋەتىنىگە مەڭگۈ سادىق پېتى قالغان. ئىپارخان: "ئەگەر ھايات ۋەتەنسىزلىكتە خارلىق بىلەن ئۆتىدىغان بولسا، ئۇنداق ئۆمۈرنىڭ قىسقا بولغىنى ياخشى. قۇللۇق ۋە تۇتقۇنلۇق ھاياتىدىن ئۆلۈم ئەۋزەلدۇر" دەپ بىلەتتى.

[1] «ئىپارخان» ناملىق ماقالىلار توپلىمى 1989 ـ يىل 300 ـ بەت.
[2] «ئىپارخان» ناملىق ماقالىلار توپلىمى 1989 ـ يىل 93 ـ بەت.

ئىپارخان ئۆلۈۋېلىشتىن بۇرۇن ئۆز يۇرتداشلىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ، جەسىدىنى قەشقەرگە ئېلىپ بېرىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ مازىرىغا كۆمۈشنى تاپىلىغانىكەن.

بېيجىڭدىكى يۇرتداشلىرى ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، جەسىدىنى مۇمىيالاپ، تاۋۇتقا سېلىپ، بەش مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق يولنى پىيادە بېسىپ، ئۆز ئانا ماكانىنىڭ ئالتۇن تۇپرىقىغا دەپنە قىلىپ ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان» دەپ يازىدۇ يۇسۇپ مۇخلىسوۋ[1].

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى ئابدۇغوپۇر قۇتلۇق ئۆزىنىڭ ئىپارخانغا بېغىشلىغان: «قەشقەر گۈزىلى» ناملىق شېئىري باللادىسىدا، ئىپارخانىنىڭ تاۋۇتىنى يەلكىسىگە ئېلىپ، بېيجىڭدىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەلەككە يەتكەن دەرد ـ ئەلەملىك ئاھۇ ـ زارىنى ۋە مەرسىيەلىرىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازغان:

چۆل ـ باياۋان كېزىپ كېلەر يۇرت،
يەلكىسىنى باسقان زور تاۋۇت.
بۇ بىپايان «ئىپەك يولى» دا،
تەشنالىقتىن بولسىمۇ نابۇت.

بارچىنىڭ بېشىدا بىر غەم،
بارچىنىڭ كىرپىكىدە نەم.
يالاڭغىداق پۇتقا پاتسا تاش،
بارچە دىلغا پاتار بىر ئەلەم.

كىمگە بۇنچە تۇتار چوڭ ماتەم،
تاۋۇتتىكى شاھمۇ، پەرىمۇ؟
كىمدىن كەلگەن بالا ـ قازا بۇ،
بارچە يىغلار بۇنچە ئاھ ئۇرۇپ.
كىمگە شۇنچە ھەسرەت ـ ھازا بۇ؟
كىم ئۇ ياتقان ھۆر ـ ساھىبجامال؟
تۇغدىكەن ئاينىمۇ ئايال،
ئۆزى زار ـ زار يىغلىتىپ قويۇپ.

گويا ئۆزى ئىزدەر بىر ئامال،
سەددىچىننى قويدى ئارقىدا.
نىچۈن قويماس تاۋۇتنى مۇنچە،
كىم ئۇ بىۋاق توزىغان غۇنچە؟

«كىم بولاتتى؟» دېدى كۆك شاھى:

---

[1] «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىنىڭ 1978 ـ يىل 8 ـ ئاۋغۇست سانىغا قارالسۇن.

مەن شاھىدى ئۇنىڭ گۇۋاھى،
«ئەلگە ئەرك كېرەك!» دېگىنى،
مەن ھەيرانمەن، بولدى گۇناھى.

چىيەنلوڭ خان قان ياغدۇرغان زامان،
«ئۇيغۇرىستان» بولدى ‹گۆرىستان›.
ئازاتلىق ئۈچۈن ئەرەنچە كىيىپ،
شەمشەر تۇتۇپ چىققان بۇ چوكان.

جاللات بىلەن دۈچ كەلسە چوكان،
كىرپىكى ئوق، قاشلىرى كامان.
قىساس قولغا تۇتقۇزغان قىلىچ،
ئاڭا دەرمان بولغانتى ھامان.

تاۋۇت كەلدى ئېشىپ تاغۇ ـ تاش،
تەڭرىتېغى ئەگدى غەمكىن باش.
تارام ـ تارام يىغلىدى ئۈنسىز،
ئىلى، تارىم بولۇپ ئاقتى ياش.

تىترەپ تىلغا كىردى خانتەڭرى:
«ئاقارتتىڭغۇ چاچنى ئەل غېمى».
تۆكۈلىنىپ تاش بولدى دەردى،
مەن تاش ئەمەس، ئەلنىڭ ئەلەمى.

مۇڭلۇقمىكىن شۇڭا ساتارى،
كۆرۈلمەگەچ ھېچ تاڭنىڭ ئاتارى.
ئىپارخاننى باستى باغرىغا،
ئۆكسۈپ ئاپپاق خوجا مازارى.

ختاي مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئىپارخاننىڭ 1789 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، 54 يېشىدا ۋاپات بولغانلىقى ھەممىگە ئايان بولسىمۇ، لېكىن ئىپارخاننىڭ ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەنمۇ ياكى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنمۇ، قەيەرگە دەپنە قىلىنغان، بېيجىڭغىمۇ ياكى قەشقەرگىمۇ؟... دېگەندەك مەسىلىلەر ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بەس ـ مۇنازىرىلەرگە سەۋەب بولۇپ كەلمەكتە.

مەن 1956 ـ يىلى، ختاي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ ئويۇشتۇرۇشى بىلەن «شىنجاڭنىڭ 1949 ـ يىلدىن بۇرۇنقى ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيە گۇرۇپپىسى»نىڭ تەركىبىدە قەشقەرگە بېرىپ، ئاپپاق خوجا

مازىرىنى زىيارەت قىلدىم. بىزنى مەقبەرەگە باشلاپ كىرگەن يولباشچى بىر قەبرە ئۈستىدە تۇرغان تەختىراۋاننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇ ئىپارخاننىڭ جەسىدىنى بېيجىڭدىن كۆتۈرۈپ كەلگەندە ئىشلەتكەن تەختىراۋاندۇر» دەپ بەرگىنى ھازىرمۇ يادىمدا ئېنىق تۇرۇپتۇ. ئەنە شۇ تەختىراۋاننىڭ ئۆزى: «ئىپارخان بوۋىسى ئاپپاق خوجىنىڭ مەقبەرىسى ئىچىگە دەپنە قىلىنغان» دەپ خۇلاسە چىقىرىشقا دەلىل بولالايدۇ.

بىز بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە تېخىمۇ ئېنىق يەكۈن چىقىرىش ۋەزىپىسىنى كېيىنكى ئەۋلاد تارىخچىلىرىغا ھاۋالە قىلىپ، تۆۋەندە ئىپارخان بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر ۋەقە، «جىگدە يېغىلىقى» دەپ ئاتالغان قوزغىلاڭ ھەققىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمىز.

## مايىمخان ياكى «جىگدە يېغىلىقى»

شەرقىي تۈركىستان ئاسمىنىنى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ، ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدە جەبىر ـ زۇلۇم بارغانسېرى كۈچەيگەن ۋە ھايات ئۈچقۇنلىرىدىن ئۈمىد ئۈزۈلگەن بىر پەيتتە، ۋەتەنىدىن بەش مىڭ چاقىرىم ئۇزاقتىكى بېيجىڭدە تۇتقۇنلۇقتا — ئالتۇن قەپەزدە ساقلىنىۋاتقان ئىپارخان بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر ۋەقە، ئۆز مىللىي مۇستەقىللىقى، ئەركىنلىكى، ئىنسانىي ھوقۇقلىرى ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلانغان، يەنە بىر ئايال قەھرىمان مايىمخان (ياكى مايسخان) ۋەقەسى يۈز بەردى. بۇ، شەرقىي تۈركىستان ئاسمىنىنى قاپلىغان قارا بۇلۇتلارنى يېرىپ، يورۇقلۇق ئاتا قىلغان يەنە بىر چاقماق بولۇپ، مەۋجۇتلۇقىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ئۇيغۇر خەلقىنى يەنە دۈشمەنگە قارشى جەڭگە چىللىغۇچى مەشئەل بولۇپ چاقنىدى.

چىن خاقانى شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، بۇ تۇپراقتا مىڭ يىللار داۋامىدا شەكىللەنگەن سىياسى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە، مىللىي مەدەنىيەت، دىنىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى يوق قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باسقۇنچى ھۆكۈمران تەبقىلەرنىڭ ئىجتىمائىي، پەلسەپۋىي پىكىر، دۇنياۋىي ۋە ئەخلاقىي كۆز ـ قاراشلىرىنى زورلاپ سىڭدۈرۈشكە ئۇرۇندى.

لېكىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى، دىنىي ئېتىقادى، تىل ۋە دىل، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، يېزىق ـ مەدەنىيتى، ئىجتىمائىي پىكىر، مەنىۋىي ئەخلاقىي كۆز قاراشلىرى ۋە پىسخولوگىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردە چىنلىقلاردىن تۈپتىن پەرقلىق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي كۆز قارىشى ۋە تۇرلۇك پەلسەپىۋىي پىكىرلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنى قوبۇل قىلمىدى.

چىن خاقانى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋېلىش جەريانىدا ئۆزىگە خىزمەت قىلغان مىللىي خائىنلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارغا بىر قاتار «نامى ئۇلۇغ، سۈپۈرسى قۇرۇق» ئەمەل ـ مەنسەپلەرنى بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزى ئۈچۈن تېخىمۇ سادىق ئىت بولۇپ ئىشلەيدىغان غالچىلارغا ئايلاندۇرغانىدى.

ئەنە شۇنداق مىللىي خائىنلاردىن بىرى ـ قۇمۇل ۋاڭى (كىنەز) يۈسۈپنىڭ ئىنىسى ئابدۇللاھ ئۇچ (ئۈچتۇرپان) قا ھاكىم بولۇپ تەيىنلەنگەنىدى. ئابدۇللاھ يەرلىك خەلقنى ناھايىتى قاتتىق ئېزىپ، قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئەزەلدىن بېرى يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان دارخانلىق تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، دېھقانلارنى ھەپتىدە ئالتە كۈن ۋاڭغا، پەقەت بىر كۈن ئۆزىگە ئىشلەشكە مەجبۇر قىلغانىدى.

ئۇچ (ئۇچتۇرپان) تىكى مانجۇ ـ خىتاي ئەمەلدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ تىنچ ـ ئامان ياشاپ، خاتىرجەم كەيپ ـ ساپا سۈرۈشى ئۈچۈن يەرلىك خەلقنى زورلاپ، كەڭلىكى بەش مېتىر، ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر ۋە ھەر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1544 مېتىر كېلىدىغان، ھەر تەرىپىدە بىردىن قوۋۇق ياسالغان مۇستەھكەم قەلئە قۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئۆزلىرى ئۈچۈن تۇرار جاي، ئىشخانا، ھەربىي گازارما، تۈرمە ۋە ئىبادەتخانىلارنى سالغۇزدى. خەلق ئەنە شۇنداق سىپىل ياساش ۋە باشقا خىلمۇ خىل ئالۋاڭ ـ ياساقلارنىڭ ئاستىدا ئېزىلىپ، ھۆكۈمران ئەمەلدارلارغا بولغان نارازىلىقى كۈچەيگەن بىر مەزگىلدە، چىن خاقانى چيەنلوڭ ئۆزىنىڭ ئۈچتىكى ئەمەلدارى سۇ چېڭغا ئۈچتىن جىگدە كۆچىتى ئېلىپ، بېيجىڭغا تىكىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى.

چيەنلوڭ خان جىگدە كۆچىتىنى بېيجىڭغا ئاپىرىپ تىكىش بۇيرۇقىنى ئۆز خاھىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىپارخانىنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن چۈشۈرگەن ئىدى. چۈنكى ئىپارخان: «ئۆز ئانا يۇرتۇمنى، ئۇنىڭ گۆھەردەك تاغۇ تاشلىرىنى، ئالتۇن تۇپراقتا ئۆسىدىغان يىپپۇرمىقى كۈمۈش، مېۋىسى ئالتۇن دەرەخنى سېغىندىم» دېگەنىدى. چيەنلوڭ ۋە ئەمەلدارلىرى كۆپ ئىزدىنىش ئارقىلىق بۇ دەرەخنىڭ قەشقەرىيەدە ئۆسىدىغان جىگدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۈچتىكى ئەمەلدار سۇ چېڭغا بېيجىڭغا جىگدە كۆچىتى ئېلىپ كېلىش پەرمانىنى چۈشۈرگەنىدى.

بۇ پەرمان 1765 ـ يىلىنىڭ يانۋار ئېيىدا سۇ چېڭغا يەتكۈزۈلدى. ئامبال سۇ چېڭ پەرمانغا بىنائەن، ئۈچنىڭ «جىگدىلىك» دېگەن يېرىدىن ئالغان كۆچەتلەرنى قاپلارغا سېلىپ، 1765 ـ يىلىنىڭ 14 ـ فېۋرال كۈنى، ئۆزى ۋە ئوغلىنىڭ مال ـ مۈلكى بىلەن قوشۇپ 240 ھاشارچىغا كۆتۈرتۈپ، كىچىك بەگلەردىن رەھمەتۇللاھنىڭ جاۋابكارلىقى ۋە چىن چېرىكلىرىنىڭ نازارىتى ئاستىدا بېيجىڭغا يوللىدى.

ئۈچنىڭ «ئىلقىش دۆڭ» دېگەن يېرىگە كەلگەندە، كۆچەت كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ھاشارچىلاردىن بىرى چارچاپ كېتىپ، بىرئاز دەم ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئولتۇرغانىدى. ئۇلارنى نازارەت قىلىپ كېتىۋاتقان چىن چېرىكلىرىدىن بىرى بۇ ھاشارچىنى: «يول ماڭماي ئولتۇرۇۋالدىڭ» دەپ قىلىچ بىلەن كاللىسىنى ئېلىۋەتتى.

چىن ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە قىلغان تۈرلۈك زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرىغا چىدىماي ئاران تۇرغان رەھمەتۇللاھ بەگ چىن چېرىكىنىڭ بىگۇناھ ھاشارچىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قاتتىق غەزەپلەندى ۋە ھاشارچىلارغا: «جىگدە كۆچەتلىرىنى تاشلاپ، چېرىكلەرنى ئۆلتۈرۈڭلار!» دېگەن بۇيرۇقنى بېرىپ، ئالدى بىلەن ئۆزى قورallىق چېرىكلەرگە ھۇجۇم قىلدى. ھاشارچىلار چېرىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ، قورال ـ ياراقلىرىنى تارتىۋالدى. ئاندىن شۇ كېچىسى، ئۈچ ھاكىمى ئابدۇللاھ ۋە ئامبال سۇ چېڭ باشچىلىقىدىكى ئەمەلدار ۋە چېرىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ھاكىم مەھكىمىسىگە ئوت قويىۋەتتى.

شۇنداق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا مەشھۇر «جىگدە يېغىلىقى» ياكى «ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭى» دەپ ئاتالغان قوزغىلاڭ باشلاندى.

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ چەتئەل باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرى چىن باسقۇنچىلىرى بۇ يۇرتقا بېسىپ كىرگەندىن بۇيان باشلانغان بولۇپ، «ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭى» ئەنە شۇ مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتنىڭ داۋامى ۋە ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

زالىملار زۇلمىدىن دەرغەزەپكە كەلگەن خەلق ئاممىسى رەھمەتۇللاھ بەگ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئىسمەتۇللاھ بەگنىڭ باشچىلىقىدا جىددىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدىلا ئۈچتۇرپاننىڭ ئەتراپىدىكى قاراغوجا، ياۋاغ، قۇمۇشلۇق، ئاق بوز، جىگدىلىك، ئاقتوقاي قاتارلىق جايلاردىكى چىن قوشۇنلىرىغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ، پۈتۈن شەھەرنى ئىگىلىۋالدى.

بۇ قوزغىلاڭدىن خەۋەر تاپقان چىن خاقانى چيەنلوڭ خان ئۈچتۇرپانغا يېقىن ئاقسۇدىكى ئامبىلى بىيەن تىپ خەي، كۇچار ئامبىلى يى باۋ ۋە قەشقەردىكى مەسلىھەتچى ئەمەلدارى (سەنزەن داچېڭ) ناشتۇڭلارنى ناھايىتى كۆپ قوشۇن بىلەن قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن پۈتۈنلەي تار - مار قىلىندى.

شۇنىڭ بىلەن، ئىمپېراتور چيەنلوڭ ئىلى جاڭجۈن (گېنېرال گوبېرناتورلۇقى) گە بۇيرۇق بېرىپ، ئۇ يەردىكى مانجۇ - خىتاي سەككىز تۇغلۇق ۋە يېشىل تۇغلۇق لەشكەرلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئىلغار قوراللار بىلەن قوراللانغان ئون مىڭ لەشكەرنىڭ گېنېرال مىڭرۇي باشچىلىقىدا مۇزداۋان ئارقىلىق ئاقسۇغا ئەۋەتىشنى تاپىلىدى. ئۇنىدىن سىرت، بېيجىڭدىن ئۆزىنىڭ ئەڭ سادىق گۋاردىيەسى ۋە تەجرىبىلىك گېنېرالى ئاگۇنىينى ناھايىتى كۆپ لەشكەر بىلەن ئۈچتۇرپانغا يوللىدى.

ئۈچتۇرپان قەلئەسىنى قورشىۋالغان چىن قوشۇنلىرى شەھەرگە توپ - زەمبىرەك ئاتسا، قوزغىلاڭچىلار ئوقيا ئاتاتتى. ئۇلار مىلتىق ئاتسا، قوزغىلاڭچىلار كالتەك، توقماق، نەيزە ۋە تاش ئاتاتتى.

نەتىجىدە، تىنچ شەھەر ئاھالىسى ۋە قوزغىلاڭچىلار كۆپ تالاپەت كۆردى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبىرى رەھمەتۇللا بەگ ئوق تېگىپ شېھىد بولدى. قوزغىلاڭچىلارغا ئۇنىڭ ئىنىسى ئىسمەتۇللاھ بەگ رەھبەرلىك قىلدى.

قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاساسىي كۈچى قول ھۈنەرۋەن، دېھقان ۋە شەھەر كەمبەغەللىرى بولۇپ، ئۇلار چىن قوشۇنلىرىغا قارشى ئالتە ئاي قەھرىمانلارچە جەڭ قىلدى. 1765 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىچىدىن چىققان شېرىپ ئاخۇنغا ئوخشاش خائىنلار قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىرىدىن ئىسمەتۇللاھ، ئوغلى ئەمرۇللاھ كۈيئوغلى تاھىر قاتارلىق مۇھىم شەخسلەرنى ھىيلىگەرلىك بىلەن قولغا ئېلىپ، مانجۇ - خىتايغا تاپشۇرۇپ بەردى. چىن قوشۇنلىرى شۇندىن كېيىنلا شەھەرگە كىرىشكە مۇۋەپپەق بولالىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئالتە ئاي داۋاملاشقان مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەت قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىچىدىن چىققان خائىنلارنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ بىر ۋەزىيەتتە، رەھمەتۇللاھ بەگنىڭ سىڭلىسى مايىمخان (مايسخان) ئاتا - ئانىلىرى، دوست - يارلىرى، قېرىنداش، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئايرىلغان بىر قىسىم ئەر - ئاياللىرىنى چىن قوشۇنلىرىنىڭ قورشاۋىدىن تىنچ - ئامان قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشقا مۇيەسسەر بولدى.

مايىمخان قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ چىققان ئەمەت بۇرغۇي، يولۋاس پالۋان قاتارلىق 150 نەپەر ئەر - ئايالنى قايتىدىن تەشكىللەپ، ئۈچتۇرپاننىڭ تاغ، ئورمان، ساي - جىلغىلىرىغا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، چىن قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى خېلىلا گاڭگىرىتىپ قويدى.

كۆپ ئۆتمەي، مايىمخان باشچىلىقىدىكى بۇ كۈرەش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارىسىدا ئەپسانىۋى رىۋايەتكە ئايلاندى. مەسىلەن: «مايىمخان قوشۇنى»، «مايىمخان جېڭى»، «مايىمخان جاسارىتى»، «مايىمخان ئات ئۈستىدە قىلىچ ئوينىتىپ، دۈشمەنلەرنى قىرىپ تاشلاپتۇ»،

«مايمخانغا ئوق ۋە قىلىچ ئۆتمەيدىكەن» دېگەندەك سۆزلەر پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان دىيارىغا كەڭ تارقالغاندى.

مايمخان باشچىلىقىدىكى بۇ ھەرىكەت ئۇچتۇرپان مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ داۋامى بولۇپ، چىن قوشۇنلىرىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش ئۇچتۇرپان ئەتراپىدىكى تاغ، ئورمان، ساي، جىلغا ۋە ئېدىرلاردا يەنە ئۈچ ئاي داۋاملاشتى.

تاغلاردىن ماكان تۇتتۇق،

باغلاردىن ئورۇن تەگمەي.

قالغان كۈنىمىز مۇشۇ،

زالىملارغا باش ئەگمەي.

مانا بۇ قوشاقتا شۇ دەۋرنىڭ روھى، مايمخان باشچىلىقىدىكى قەھرىمان ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ جاسارىتى مەدھىيىلەنگەندى.

مايمخان ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسى غۇنچەخان باشچىلىقىدىكى ياش ـ جۇۋان قىزلار قىلىچىنى يالىڭاچلاپ، ئۇچتۇرپان ئەتراپىدىكى تاغ ۋە ئورمانلاردا دۈشمەنلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. ئۇلغار قوراللارنى كۆتۈرۈۋالغان ئون مىڭلارچە چىن لەشكىرى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ياكى تىرىك قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن شۇنچە ھەرىكەت قىلسىمۇ، يەر شارائىتى ۋە ساي ـ جىلغىلارنى ياخشى بىلمىگەچكە، قولدىن ھېچقانداق ئىش كەلمىگەندى.

لېكىن بۇ ئۇيغۇر قىزلىرى ئۆزى ۋە خەلقىنىڭ قىسمىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھەرقانچە جاسارەت كۆرسەتكەن بولسىمۇ، دۈشمەنلەر بىلەن بولغان جەڭلەردە ناھايىتى كۆپ چىقىمغا ئۇچرىغاچقا، بارغانسېرى مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشقا باشلىدى. چۈنكى بۇ قانلىق جەڭلەردە مايمخان باشچىلىقىدىكى يەتتە قىزدىن باشقا ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسى قۇربان بولغانىدى. شۇنداقتىمۇ، يەتتە قىز جاسارىتىدىن قايتماي، داۋاملىق كۈرەش قىلدى. ئۇچتۇرپاننىڭ ئاقتوقاي دېگەن تاغلىق رايونىدا بولغان جەڭدە، يەتتە قىز دۈشمەننىڭ قاتمۇ قات قورشاۋىدا قالدى. ئۇلار ھەرقانچە كۈچىسىمۇ بۇ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىشى ناتايىن ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىككى يولدىن بىرىنى تاللاشقا مەجبۇر بولدى. بىرى، دۈشمەنگە تەسلىم بولۇپ، تۇتقۇنلۇق، خورلۇق ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ياشاش. يەنە بىرى، ئۆلۈم ئىدى. دۈشمەنگە تەسلىم بولۇشنى ئۆزلىرىگە ئار ـ نۇمۇس دەپ بىلگەن بۇ يەتتە قىز ئاقتوقاينىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىپ، ئۆزلىرىنى پەسكە تاشلىدى. يەنى ئۇلار قەھرىمانلارچە قۇربان بولۇپ، شېھىدلىك شەربىتىنى ئىچتى.

ھازىرقى ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاقتوقاي دېگەن يېرىدە «يەتتە قىزلىرىم» دەپ ئاتالغان بىر مەقبەرە بار. ئۇيغۇر خەلقى مىللىي ئازادلىق يولىدا كۈرەش قىلىپ، قۇربان بولغان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ نامىنى مەڭگۈ يادلاپ تۇرۇش ئۈچۈن بۇ مەقبەرىنى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس زىيارەتگاھ ۋە سەيلىگاھىغا ئايلاندۇرۇۋالغان.

بۇ مەقبەرە — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋە كۈرەشچان ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقى ئۈچۈن جان پىدا قىلغان، مەرت، جەسۇر ھاياتىنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ياش ئەۋلادلاردا

مىللىي ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، مۇقەددەس ئورۇن ھېسابلىنىدۇ[1].

ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، چىن خاقانى خائىن شېرىپ ئاخۇننى: «ئۆز خەلقىڭگە خائىنلىق قىلغان ئادەم، بىر كۈنى چوقۇم بىزگىمۇ خائىنلىق قىلىسەن» دەپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى[2].

قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن، چىن قوشۇنى ئىشقا يارامىلىق ئون مىڭلارچە ئىنسانىنى ئۆي ـ جاي، بالا ـ چاقىسىدىن ئايرىپ، چىن قوشۇننى بېقىش ئۈچۈن، ئۈچتۇرپاندىن ئىلى شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلارغا سۈرگۈن قىلدى. ئۇلار ئاساسەن دېھقانچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، مانجۇلار ئۇلارنى «تارىقچى» دەپ ئاتىدى. ھازىرقى تىلىمىزدىكى «تارانچى» سۆزى ئەنە شۇ «تارىقچى»نىڭ ئۆزگەرتىلگەن ۋارىيانتىدۇر[3].

كۆپ ئۆتمەي، ئۈچتۇرپاندا ئۆلتۈرۈلگەن ۋە سۈرگۈن قىلىنغانلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، تۇرپاندىن ناھايىتى كۆپ ئاھالىنى بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كەلدى. بۇرۇن بۇ يەر «ئۈچ» ياكى «ئۇش» دەپ ئاتىلاتتى، تۇرپاندىن ئادەملەر كۆچۈرۈپ كېلىنگەندىن كېيىن، «ئۈچ» نىڭ كەينىگە «تۇرپان» ئىسمى قوشۇلۇپ، «ئۈچتۇرپان» دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى[4].

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىستىقبال قۇياشى پېتىپ، سائادەت قۇياشىنىڭ قايتا كۆتۈرۈلۈشىدىن ئۈمىد ئۈزۈلۈپ، ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەت ھاقارەتلىنىپ، ئاياق ـ ئاستى بولۇۋاتقان دەۋردە باشلانغان «ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭى»دا ناھايىتى كۆپ ئادەم ئۆلتۈرۈلۈپ، قالغانلىرى ئىلغا سۈرگۈن قىلىنغانلىقتىن، باج ـ سېلىق، ھاشار ۋە باشقا قىيىنچىلىقلار ئۈچتۇرپاندا قالغان قېرى ـ چۆرە، كىچىك باللار ۋە خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەچكە، خەلقنىڭ نارازىلىقى كۈنسايىن ئېشىپ بارماقتا ئىدى.

گەرچە خەلق قوزغىلىڭى چىن قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كېلىپ ـ چىقىش يىلتىزى ساقلىنىپ قالغاچقا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرىشى بىر كۈنمۇ توختاپ قالغىنى يوق.

دېمەك، تۈركىي خەلقلىرىدىكى تومارىس، ئايبەرچىن، ئىپارخان، مايىمخان ۋە نۇزۇگۇم قاتارلىقلار ئاساس سالغان بۇ كۈرەش ۋە جاسارەت ھامان داۋام ئەتمەكتە!

ئىرپان توختىيېۋ

ئۆزبېكىستان تارىخي دۆلەت موزېيىنىڭ چوڭ ئىلمىي خادىمى

تارىخ پەنلەر نامزاتى

2006 ـ يىل مارت  تاشكەنت

[1] «شىنجاڭ ياشلىرى» ژورنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا قارالسۇن.

[2] «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل نەشرى، 480 ـ بەت.

[3] ئەنە شۇ دەۋردىن باشلاپ، مانجۇلار تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئىلى ئۇيغۇرلىرىنى «تارىقچى» (تارانچى) دەپ ئاتاشقا باشلىغان.

[4] «تارىخى ئەمىنىيە» موللا مۇسا ئىبنى موللا ئىيسا سايرامى 1905 ـ يىل قازان باسمىسى 61 ـ بەت.